ئوبۇلهاشىم ئەخەت ئىقىن

# يۈرەك نېمە دەيدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى





ئوبۇلھاشىم ئەخەت ئېقىن 1966- يىل 2- ئاينىڭ 9- كۈنى يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ يوپۇرغا بازىرىدا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1982- يىلى يوپۇرغا ناھىيەلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىغا خىزمەتكە چىققان. 1985- يىلدىن 1989- يىلىغىچە شىنجاڭ پەن-تېخنىكا ئالىي كەسپىي تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ئوبۇلھاشىم ئەخەت ئېقىن 1983- يىلى ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن ئىشقى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان 20 نەچچە يىل داۋامدا تۈرلۈك

ئوبۇلھاشىم ئەخەت ئىقىن

# يۈرەك نىمە دەيدۇ

(نەسرلەر)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

心里话:维吾尔文/吾布里阿西木·艾海提·额肯著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2011.8
ISBN978-7-5373-2294-2

Ⅰ.①心… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①散文集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I 267

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 178006 号

责任编辑:姑丽巴哈尔·麦麦提依明
责任校对:坎拜尔姑丽·吾斯曼

心 里 话
(散文集)

作　　者:吾布里阿西木·艾海提·额肯

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 5 印张
2011 年 9 月第 1 版　2011 年 9 月第 1 次印刷
印数:1 — 3000　定价:15.00

# مۇندەرىجە

قۇياش ........................................ 1
تەبىئەت بەرگەن تۇيغۇلار ........................................ 2
تۇپراق ........................................ 4
توغراق ........................................ 5
دېهقان ........................................ 6
ئىنسان قەدىر-قىممىتى ........................................ 7
سۆيگۈ چۇقانلىرى ........................................ 9
مۇھەببەت تىنىقلىرى ........................................ 12
نىكاھ ........................................ 17
ئائىلە ........................................ 19
بەختىنىڭ يادروسى - تۇرمۇش ........................................ 22
ئايال ........................................ 27
ئايالىمغا خىتاب ........................................ 28
بەخت سەن نەدە؟ ........................................ 30
ئانا ........................................ 32
ئانا ھەربىر كۆڭلىڭىز شادلىققا تولسۇن ........................................ 33
بالامغا خەت ........................................ 35
ئاتا - بالىلىق مېھىر - مۇھەببەت ........................................ 36
مىسكىن روھ ........................................ 39
رومكىدىكى نىمجان ئىگراشلار ........................................ 43
زەھەر ........................................ 47
بازار ........................................ 48

| | |
|---|---|
| سادا | 49 |
| سىناق | 50 |
| يول ئىداسى | 52 |
| ياشلىق | 53 |
| سېغىنىش | 55 |
| قەدىرلەش | 56 |
| ۋاپاسىز دىلبەر | 58 |
| ۋىجدان | 60 |
| يۈرەك نېمە دەيدۇ ؟ | 62 |
| ئۇن سۈرئىتىم | 68 |
| ئەقىدە ئۇلۇغ | 71 |
| شېرىن ئەسلىمە | 73 |
| بىلىمنىڭ كارامىتى | 76 |
| ئوقۇتقۇچى | 77 |
| ۋاقىت ، غايە ، گېزىت ، تىنچلىق | 79 |
| كىتاب | 81 |
| تۈركىي تىللار دىۋانى | 84 |
| سەنئەت | 86 |
| شائىر | 87 |
| ناخشا | 88 |
| مۇقام | 89 |
| مەشرەپ | 90 |
| ئەخلاق | 91 |
| شەرم - هايا | 93 |
| پاكلىق جىلۋىسى | 94 |
| هۆرمەت | 96 |
| ئادەم بولماق تەس | 97 |

بۆ تەلۋىلىك ئەمەس ........................ 100
سىگنال ........................ 102
كۆڭۈل تىۋىشلىرى ........................ 105
نەسىھەتنامە ........................ 106
ئۆمۈر مەنزىللىرى ........................ 108
ھايات ئۇچقۇنلىرى ........................ 109
ياشاش قىبلىنامىسى ........................ 120
دوستلۇق چاچقۇسى ........................ 122
كۆزلەر خىسلىتى ........................ 136
ئېقىن چاچقۇسى ........................ 138
يۇرت سۆيگۈسى ........................ 139
ۋەتەن سۆيگۈسى ........................ 142
تەپەككۇر تەرمەچلىرى ........................ 143
قەشقەر مۇھەببىتى ........................ 145

# قۇياش

قۇياش ـ ئۇ كائىناتقا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مېھرىي ھارارىتىدىن تۆككەن ھاياتلىق بوسۇغىسىدىكى سۆيگۈ فونتانى.

قۇياش ـ ئۇ ئۆز خىسلىتى بىلەن ئارزۇ ـ تىلەككە ۋىسال بېغىدىن شىرنە بەرگەن نۇرلۇق كۈي چەشمىسى.

قۇياش ـ ئۇ بەختىنىڭ ئەلچىسى، ھاياتلىقنىڭ مۇقەددەس جارچىسى، قۇتلۇق ئەتىلەر مەنزىلىدىكى توختىماس كارۋان.

قۇياش ـ ئۇ تەقدىرنىڭ ۋاپادىن پۈتۈلگەن ئۈمىد قامۇسى. تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلماس سىردىشى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ يورۇقلۇق ئىلاھى، كۈندۈزنىڭ خۇشاللىق پەرىشتىسى.

قۇياش ـ ئۇ ئىشچانلارنىڭ ئىرادە ـ ئېتىقاد تۈۋرۈكى، ھورۇنلارنىڭ غەپلەتتىن ئويغىنىپ بېيىشىغا ئىلھام ـ مەدەت بېرىدىغان نۇرلۇق چىراغ.



# تەبىئەت بەرگەن تۇيغۇلار

ئېھ ، تەبىئەت ئانا ، سەن تىلسىملار يوشۇرۇنغان بايلىق ، گۇزەللىك لىق تولغان ھېكمەت كانىسەن . سېنىڭ ھەربىر قانۇنىيىتىڭدە بىر ھېكمەت ، بىر بەخت ئۇچقۇنى چاقنايدۇ .

* * *

ئېھ ، سۆيۈملۈك شامال ! سەن قامەتلىك دەل - دەرەخلەرنىمۇ سالام قىلدۇرىسەن . دېڭىز - ئوكيانلاردىكى سۇلارنىمۇ ئۇسسۇلغا سالىسەن . چۈنكى ، سەن تەبىئەت ئانىنىڭ ئەركە بالىسى ، سۆيگۈ ئەلچىسى ، ئىلھام كۈيچىسى .

* * *

ئېھ ، يامغۇر ! سەن ھازىدار بۇلۇتنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى ئەمەس ، بەلكى زېمىنغا بولغان مېھرىنىڭ تاتلىق تامچىسى ، گۈلدۈرماما بىلەن چاقماقنىڭ غەلىبە چاچقۇسى سەن . گۈزەل تەبىئەتنىڭ سۆيگۈ شارابى ، ئابىي چەشمىسى . چۈنكى سەن خاسىيەتلىك زېمىننىڭ بەخت كۆلكىسى .

* * *

ئېھ ، ئاپتاپ ! سەن نۇرلۇق قۇياشنىڭ زېمىنغا ئەۋەتكەن ئىللىق مېھرىسەن ، شۇنداقلا تەبىئەت ئالىمگە ھەدىيە قىلىنغان ھاياتىي كۈچ ، گۈزەل جىلۋە .

*　　　*　　　*

ئېھ، گۈلدۈرماما! سەن سامانىڭ چۇقانى، ھاياتنىڭ ساداسى، ئىنسانلارنىڭ مەغرۇر، قورقماس ئىرادىسىگە مەدەت بەرگۈچى.

*　　　*　　　*

ئېھ، چاقماق! سەن بۇلۇتلار باغرىنى يارغۇچى نۇرلۇق قىلىچ، ئوتلۇق نەيزە، قاراڭغۇنى يورۇتقۇچى يالقۇنلۇق مەشئەل.

*　　　*　　　*

ئېھ، يامغۇر! سېنى ھازىدار بۇلۇتنىڭ مۇڭلۇق كۆز يېشى دېيىشكە بولىدۇ. سەن تەبىئەتنىڭ سۆيگۈ فونتانى، سەن خاسىيەتلىرىڭ بىلەن دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ ياپراقلىرىغا، گۈزەل قىزنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە ياراشقان خالدەك سۈزۈك مەڭ چېكىسەن. يالىڭاچ سىملارغا مەرۋايىت تىزىقلىرى ئاسىسەن. چۈنكى سەن ئاسماننىڭ مۇڭلۇق كۆز يېشى. زېمىننىڭ بەخت كۈلكىسى.



# تۇپراق

ئېھ ، ئەزىز تۇپراق ! مەن سېنى شۇقەدەر باغاشلاپ سۆيىمەن . پاسىبان ئۇلۇغ باغرىڭغا ئاتەشلىك باغرىمنى يېقىپ ، خۇش پۇراقلىق ، ھارارەتلىك جىسمىڭدىن قېنىپ - قېنىپ ئەركىن نەپەس ئالىمەن .

ئېھ ، ئانجان تۇپراق ! مېنىڭ بارلىق ھايات پائالىيىتىم سېنىڭ مەئىشەتلىك قۇچىقىڭدا باشلىنىپ ، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن زورايغان ئەمەسمۇ ؟

ئېھ ، بەرىكەتلىك تۇپراق ! سەن تەڭداشسىز بايلىق كانى ، سەن مېنىڭ كۈلكە - شادلىقىم ، كائىناتنىڭ كۆركى ، ھاياتلىقنىڭ يۈركى . تەرەققىياتنىڭ ، ئەجىر - تۆھپىنىڭ مەنزىلگاھى ، تۇرمۇشتىكى ئادىمىيلىك قايغۇ - ھەسرەتنىڭ تەسەللى تاپىدىغان ئارامگاھى .

ئېھ ، تۇپراق ! سەن بەخت - ئامەتنىڭ پاياندازى ، مەن سېنىڭ قوينۇڭدا ، پەرۋىشىڭدە ئەقىل تاپتىم . ئاجايىپ ئېسىل نازۇ نېمەتلىرىڭدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندىم . كۈلكەڭگە نائىل قەترە-تامچە كۆز ياشلىرىم ، تومۇرۇمدا ئېقىپ تۇرغان قىپقىزىل قېنىم بىلەن شۇنداق زىكرى قىلىمەنكى ، سەن دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىك ئالىمىنىڭ بەرپاچىسى . تەشنا قەلبلەرنى بالقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغارغۇچى .

# توغراق

توغراق - ئۇ بىز ياشاۋاتقان هاۋاسى ساپ بوستانلىقنىڭ كۆركى ، زىننىتى ، گۈلتاجى .

توغراق - ئۇ هاياتلىقنىڭ سىمۋولى ، قەيسەر ، باھادىرلىقنىڭ نامايەندىسى ، ئىرادىنىڭ تۈۋرۈكى .

توغراق - ئۇ قۇملۇقنىڭ جېنى ، يېشىللىق سېپىلى ، تەبىئەتنىڭ قاراۋۇلى ، قوغدىغۇچىسى .

توغراق - ئۇ ئالتۇن كۆز پەسلىنىڭ چىرايلىق ۋە گۈزەل لىباسى ، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ شاھىتى ، گۇۋاھچىسى .



# دېھقان

دېھقان — ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ جاپاكەش، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئىنسان! ئۇ ئەسىرلەر بويى ئۆزىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ھاياتلىق ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئاشلىق، شېرىن مېۋىلەرنى ئىشلەپچىقارغۇچى پاسىبان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىكار، بىزنىڭ پەخرىمىز. ئۇ ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى ياراتقۇچى، ئانا تۇپراقتا گۈزەللىك ئابىدىسى تىكلىگۈچى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا يەرگە بېغىشلانغان ئوتلۇق كۆيى، بۈيۈك جاسارەت نامايان. ئۇ ھالال مېھنىتى ئارقىلىق بەخت ناخشىسىنى ياڭراتقۇچى، نۇرانە، پاك ۋۇجۇدى بىلەن ئەل - ئاۋام تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئۇلۇغ باھادىر ئىنسان! ئۇنىڭ زېمىن قوينىدا قالدۇرغان ئىزلىرى گويا بىر تارىخىي رومان. كۆيى - بەرىكەت چەشمىلىرىگە تولغان ئۇنتۇلماس داستان. ئۇ جاپا - ئەمگەكتە تاۋلىنىپ پىشقان، سېخىيلىق، مېھماندوستلۇق، كەڭ قورساقلىق، زېرەك، باتۇرلۇق، چېھرىدە كۈلكە يالتىراپ تۇرغان، ئالەمدىكى باياشاتلىق، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق قەسىرىنىڭ ھۆرمەتلىك ئەزىز مېھمىنى، توقلۇق، تىنچ - ئىناقلىق بەرپاچىسى. دېھقان — ئۇ مەڭگۈلۈك تېما. پۈتكۈل كائىناتتىكى ھاياتلىق مەۋجۇداتلىرىنىڭ سۆيۈملۈك دوستى.

# ئىنسان قەدىر - قىممىتى

1

ئىنسان قەدىر - قىممىتى - ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ كۈچلۈك غايىۋى ئىرادىنىڭ يۈكسەك ئالىيجانابلىقتا ئىنتىلىشىدىكى مۇستەھكەم ئۇل تاشتۇر .

2

ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى - ئەخلاق - پەزىلەت ، ۋىجدان-غۇرۇرنىڭ خۇش پۇراق گۈلدەستىسىدۇر .

3

ئىنسان قەدىر - قىممىتى - تۆھپە ، شان-شەرەپ ، ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ مەنۋى بايلىقىدۇر .

4

ئىنسان قەدىر - قىممىتى - ئەجىر - مېھنەت ، مېھىر-ۋاپا ، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت قۇچىقىدا ياڭرىغان بەخت ناخشىسىدۇر .

## 5

مەن ئىنسان ، مەن قەلبىمدە ئەقىل - ئىدراك كۈچ - قۇدرەت ، مېھىر - مۇھەببەت ، سۆيگۈ - ساداقەت چېكى مۇجەسسەملەنگەن روھلۇق بىر ئىنسان ، مەن ئۈمىد - ئىشەنچ بىلەن ئۇلۇغ يۈكسەكلىكنى بويلاپ گۈزەل ، ئەخلاقلىق ئىنسانغا خاس ئالىيجاناب پەزىلەت قوينىدا ئىتتىپاقلىق ، ئىناقلىق ، شاد-خۇراملىق مېلودىيەسىنى مەڭگۈ ياڭرىتىپ ، هالال ئەمگەكى ئارقىلىق ئەل - ۋەتەنگە ، چىن ئەقىدە ، چىن ساداقىتىمنى ئىپادىلەپ ، هاياتلىق گۈلزارىدا خۇش پۇراق ھىد چېچىپ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىنتىلگەن ئىنسانمەن .

## 6

مەن ئىنسان - ئۇلۇغ غايە بىلەن ئادەمنىڭ دۇنياسىدا ئەل-ۋەتەنگە ۋاپادار ، سادىق ئوغلان بولۇپ ياشاشنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر ئىنسانمەن .

## 7

مەن ئىنسان - مەن ھەسەت ، خۇشامەت ، ئەمەل ، تەمەدىن يىراق ، مەيدانى مۇستەھكەم ھەقىقىي ئىنسانمەن .

# سۆيگۈ چۇقانلىرى

## 1

توۋا ، مۇھەببەت دېگەنمۇ گاھى چاغلىرى ئالداش بىلەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ مانا مەن ئۇنىڭ چىرايلىق ياسالما ـ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ، ئاخىر بىر مەككار مۇھەببەتنىڭ رەھىمسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچرىدىم .

## 2

مەن مۇھەببەت توغرۇلۇق قىسسەلەرنى ئاڭلىسام ، ھەسرەتتىن ئاچچىق تولغىنىمەن . چۈنكى ، مۇھەببەت ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى .

## 3

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سۆيگۈنىڭ ئازاب يېشى بىلەن زەئىپلەندى . قەلبىمدىكى چىدىغۇسىز تەنھالىق چۇقان كۆتۈرۈپ ياراتقان ئاللادىن ئۇلۇغ شاپائەت ۋە ئاسايىش تىلىمەكتە .

4

مەن مۇھەببەت مەستانىسى ئەمەس ، پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئەقەللىي ئىنسانلىقىمنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ باقتىم . ھاياتنى سۆيۈشنى ، ھەربىر ئۇتۇق كۈنلىرىمنى قەدىرلەشنى بىلىۋالدىم . مەندىكى مەنىۋى كامالەت ، روھىي بالاغەت تىرىشچانلىقىم ، دادىللىقىمنى مەزمۇت قىلىپ تاۋلىدى .

5

مېنىڭ مەنىلىك ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم خۇددى قىممەتلىك ھاياتنى ئەسلىتىپ ، ئۆلۈم كارۋىنىنىڭ كۈنلەپ ، سائەتلەپ ، مىنۇتلاپ ماڭا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇردى . بۇمۇ ياراتقان ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر ، ئېھتىمال .

6

سۆيگۈ قەلب بىلەن قەلبنى ، شەيئى بىلەن قەلبنى ، زېمىن بىلەن قەلبنى چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك پولات ئارقان .

7

سۆيگۈ قەلب بىلەن رېئال دۇنيا ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنمەس يىپتەك سۆيگۈ سىزىقى ھاسىل قىلغۇچى ئىلاھىي كۈچ .

## 8

سۆيگۈ ھايات ، سۆيگۈ مۇقەددەس ، سۆيگۈ ئىنسانلارنى ياشاشقا ، تىنىمسىز كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان نۇرلۇق ماياك .

## 9

سۆيگۈ ھاياتلىقنى ، ئادەمنى ، تەرەققىياتنى تۇغدىغان ئۇلۇغ ئانا .

## 10

مەن نىشانىمنى خاتا تاللاپ يامان قېپتىمەن . ئەنە ئۇنىڭ ئاچچىق - ئاچچىق مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى يۈرىكىمنى پاراكەندە قىلماقتا .

## 11

مەن ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە ئەمەس ، نەپرىتىگە ئۇچرىدىم .

## 12

سۆيگۈ - ئۇ كىشلەرنى پاك ، سەممىي يۈكسەك پەللىگە پەرۋاز قىلدۇرىدىغان ھاياتلىق قانىتى .

# مۇھەببەت تىنىقلىرى

ئۇ چاغلاردا مەن راستتىنلا كىچىك بولسام كېرەك، ئاق - قارىنى تازا ئاڭقىرالمىغانلىقىمدىنمۇ، مۇھەببەت دەرياسىغا ئالدىراپ ئۆزۈمنى ئېتىپتىمەن. بىراق، تۇنجى سۆيۈش مېنى ئەقلىمدىن ئازدۇرۇپ يۈرىكىمنى داغ قاپلىغان بىر چەكسىزلىككە باشلاپ باردى. تىلىم كالۋالىشىپ، پۇت - قوللىرىم تىترەپ بىردىن بوشىشىپ كەتتىم.

شۇتاپ ئۆزۈم ھوشسىز ئادەمدەك ئالدىمدا ساختا كۈلكىسىنى تەقدىم قىلىۋاتقان نازىنىن خېنىمغا جور بوپتىمەن.

ھۇ! قان ئىچەر ئالۋستى، كۆزۈمدىن دەرھال يوقال.

سېسىق تېنىڭنى پاك جىسمىمغا يولاتما.

مەن چىن ئەركەك، غۇرۇر - ۋىجدانىمدىن مۇھەببەتنى مۇنداق تەرىپلەشكە تامامەن ھەقلىقمەن.

1

مۇھەببەت - ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ، چەكسىز كەڭ مەنىگە ئىگە ئۇقۇم. ئەڭ زور ئالىيجانابلىق، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتۇر.

2

مۇھەببەت - ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىختىيارى، شەرتسىز ھالدىكى ئۆزىنى بېغىشلىشى، بىر جۈپ قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى پاك ھېسسىياتتۇر.

3

مۇھەببەت ـ ئۇ تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچ ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ يىمىرىلمەس تۈۋرۈكى ۋە تەڭشىكىدۇر .

4

مۇھەببەت ـ پاك ھېسسىيات بۇلىقى ، ئەڭ سۆيۈملۈك ، ئەڭ مۇقەددەس ، ئەڭ يېقىملىق كۈي ، تۈگىمەس ناخشا مېلودىيەسى .

5

مۇھەببەت ـ ئۇ ئىنسانلارنى ئازدۇرغۇچى شەيتان ، زۇلمەت قوينىدا چېقىلغان سىرلىق چاقماق .

6

مۇھەببەت ـ ئۇ تەبىئىي سۆيگۈ ، قەلبلەرنى تىترەتكۈچى مۇڭلۇق لىرىكا ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۇل تېشى .

7

مۇھەببەت ـ ئۇ بىر ھاياتلىق دەرىخى ، شېرىن ئازاب ، چەكسىز ھەسرەت دېڭىزى . ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك جەڭ .

8

مۇھەببەت ـ ئۇ كۈلكە بىلەن باشلىنىپ ، سۆيگۈ بىلەن

ئەۋجىگە چىقىپ ، گېزى كەلسە يىغا بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلىك پاجىئە .

## 9

مۇھەببەت ـ ئۇ تىنجىماس يالقۇن ، ئىنسانىي ئىستائەت قىلدۇرغۇچى ئېغىر سىناق ، بىراق نىشاندىكى ساختىلىقنى خالىمايدىغان نۇرلۇق مەشئەل .

## 10

مۇھەببەت ـ ئۇ يىگىت ـ قىز يۈرىكىدە يېلىنجاپ تۇرغان ئىنتىلىش چوغى .

## 11

مۇھەببەت ـ ئۇ غىلاپسىز خەنجەر ، بىر جۈپ قىز يىگىتنىڭ ياشلىقتىكى پاك سۆيگۈ ئىختىراسى ، ئائىلە ، ماكانغا جەم بولۇشنىڭ مۇقەددەس ب鲊 شلىنىش نۇقتىسىدۇر .

## 12

مۇھەببەت ـ ئەڭ شېرىن ئىبارىلەر ئاسارىتىدۇر ، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈش ، بىر ـ بىرىگە ئىنتىلىشتىكى كۈچتۇر .

## 13

مۇھەببەت ـ ئۇ كىشىگە خاتالىق ، قالايمىقانچىلىق ، ئىقتىدارسىزلىق ئىچىدىن لەززەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلغۇچى مەدەتكاردۇر .

## 14

مۇھەببەت ـ ئۇ پەقەت بىر ئۇۋا ، ئۇ كەڭ دۇنيا ئەمەس .

## 15

مۇھەببەت ـ ئۇ يۈكسەك ئەقىدە ، مۇقەددەس قىزىقىش .

## 16

مۇھەببەت ـ ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ شېرىن ، ئەڭ يۈكسەك پەللىسى ، ھېسسىي چىنلىق تەشنالىقىنى قاندۇرغۇچى بۇلاق .

## 17

مۇھەببەت ـ پاك ـ سۆيگۈ ۋۇلقانى ، كىشىنىڭ ئۆزىنى سۆيۈشىدىكى ساماۋى ئۇلۇغلۇقتۇر .

## 18

مۇھەببەت ـ تارىختىكى پەرھاد ـ شېرىن ، تاھىر ـ زۆھرە ، لەيلى ـ مەجنۇن ، غېرىب ـ سەنەمگە ئوخشاش ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ھايات سەپىرىدە تىللاردا داستان بولغان كەچمىش خاتىرىسىدۇر .

## 19

مۇھەببەت ـ ئىنسان قەلبىنىڭ مۇستەھكەم قورغانى . ۋىجدان ۋە شەرم ـ ھايانىڭ ئىپپەت پەردىسىدۇر .

## 20

مۇھەببەت ـ ھېسسىيات بىلەن سۆيۈملۈك ، ئازاب بىلەن قەدىرسىزدۇر .

## 21

مۇھەببەت ـ ئادەمنى پاكلىق جىلۋىسى بىلەن يېتىلدۈرىدىغان مەكتەپتۇر .

## 22

مۇھەببەت ـ ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر .

# نىكاھ

ئېھ ، پاسىبان زېمىندا شادلىقتىن كۈلۈپ ، ئاچچىق ئەلەمدىن ئۆكۈنۈپ يىغلاۋاتقان سۆيۈملۈك ئىنسانلار ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېغىر - يېنىك ھەربىر سىناقلىرىدا ئۆزۈڭلارنىڭ قىممىتىنى ، بەخت ۋە قىسمەتلەرگە يولۇقۇشتىكى سەۋەبلەرنى دەڭسەپ كۆردۈڭلارمۇ ؟ ئائىلە ھاياتلىقىنىڭ ئىللىق قونالغۇسى ، ئىناق ئەر - خوتۇن ئائىلىنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش خۇش ھىدىنى چېچىپ تۇرغان گۈزەل باغ .

نىكاھ - بىر جۈپ يىگىت - قىزنىڭ ئەجىر - ئىختىراسىدىن ھاسىل بولغان بىرلىشىش . ئۇ ئەر - خوتۇننى گۈزەل ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان ئىلاھىي مەدەتكار .

نىكاھ - بىر - بىرىنى خورلاش لاگېرى بولماستىن ، ئەجرىگە يارىشا مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان پۇلسىرات كۆۋرۈكى . ئۇ شەرم - ھايا ، ئەخلاق - پەزىلەت لىباسىنىڭ كەشتىلەنگەن جۇلاسى .

نىكاھ - غايىب بىر دۇنيا . ئۇ قەيسەر ، سەمىمىي نىيەتلىك ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ئاساسىنى چىڭىتىدىغان روھىيەت يىلتىزى .

نىكاھ - ئۇ ئازغۇنلار ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئازاب ، مەڭگۈلۈك پۇشايمان ، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاپەت دېڭىزى .

نىكاھ - ئۇ قەدرىنى بىلگەنلەرگە ئامەت ، بىلمىگەنلەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان تەلەي تېشى .

نىكاھ — ئۇ ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە ۋاپادار، كۆيۈمچان، سەمىمىي بولۇپ ئۆتۈشتىكى ئامەت دەرىخى، ۋىجدان-غۇرۇر، ئادىمىيلىك بەلگىسىنىڭ نازۇك ياپرىقى.

نىكاھ — ئۇ بىر سىرلىق تېپىشماق، ئادالەتنىڭ لىللا گۇۋاھچىسى.

نىكاھ - ئۇ كۆڭۈل ئىشى، ئۇ مال - دۇنياغا تويۇنغان بىلەن مېھىر - مۇھەببەتكە مەڭگۈ تويۇنمايدۇ.



# ئائىلە

1

ئائىلە ـ ئۇ ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ سۆيۈملۈك مۇقەددەس ماكان ، كىشىلىك ھاياتنىڭ باشلىنىش بېكىتى ، تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ، بەختنىڭ ئاچقۇچىدۇر .

2

ئائىلە ـ ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مەڭگۈلۈك ئارامگاھى ، جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان راھەت باغچىسىدۇر .

3

ئائىلە ـ ئۇ قوينى ئىللىق جەننەت ، مۇھەببەت ۋە نىكاھنىڭ مەنزىلگاھى ، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ھۇجەيرىسىدۇر .

4

ئائىلە ـ ئۇ ھاياتلىققا يول باشلىغۇچى نۇرلۇق چىراغ .

دۇنيادا ئائىلە مۇھەببىتى ، ئائىلە ئىللىقلىقىدىن قەدىرلىك نەرسە بولمىسا كېرەك .

## 5

ئائىلە ـ بىر ياخراق مېلودىيە ، ئۇنى ئەر ـ ئايال پۈتۈن زېھنى بىلەن ئورتاق بىر تىنىقتا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ، تۇرمۇشنى ھەقىقىي جەلپكارلىققا ، سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ .

## 6

ئائىلە ـ ئۇ دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان پاسىبان يىللار قايىقىمىدىكى كېمە ، ئۇنى ئەر ـ ئايالدىن ئىبارەت ئىككى «كاپىتان» تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بىر نىشانغا ھەيدەپ ماڭغاندا ، خەتەرلىك تۇرمۇش قايناملىرىدىن ئۈزۈپ چىقىپ ، دىللارنى ۋىسال شەربەتلىرى بىلەن سۇغىرالايدۇ .

## 7

ئائىلە ـ ئۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بىپايان ئېكىنزارى ، ئۇنىڭغا ئەر ـ ئايال ، پەرزەنتلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەقىدە ، مېھنەت ، قان ـ تەر سىڭدۈرمىگەندە ، ئۇنىڭ كەڭ قۇچىقىدا بەخت ، خۇشاللىقنىڭ جەزبىدار گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ ، روھقا ئوزۇق ، تەنگە كۈچ ، ئارمانغا ئىشەنچ ئاتا قىلالايدۇ .

## 8

ئائىلە ـ ئەر ـ ئايال ، پەرزەنتلەرنىڭ يۈرىكىنى ياشارتقۇچى مېھىر ـ مۇھەببەت بولىقى .

## 9

ئائىلە ـ نوقۇل ھالدىكى ئىككى جىنسنىڭ قانۇنلۇق قوشۇلۇش شەكلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى، مېھىر ـ شەپقەت، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، پاك ـ دىيانەت، بىلىم ـ مەدەنىيەت بۆشۈكى، بەخت ـ ئامەت، غەم ـ قايغۇ مۇجەسسەملەنگەن بىر سىرلىق ماكان، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى، ئۆمۈر ئەجىرلىرىنىڭ مۇپەسسەل مۇزېيخانىسى.

## 10

ئائىلە ـ ئىنسانلارنىڭ ئىللىق بۆشۈكى، كىشىلىك ھاياتنىڭ بېكىتى. مەن ئۇنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ، سىرتقى ئامىللار تۈپەيلى ھېرىپ ـ چارچىغىنىمدىمۇ ئۇنىڭ غەمخورلۇقى، كۈتۈشىگە ئېرىشىمەن.



# بەختنىڭ يادروسى - تۇرمۇش

مەن كىم؟ نەگە كېتىۋاتىمەن؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇ قاراڭغۇ دۇنيا، جەننەت ئەمەس، ئەپسۇس زۇلمەتلىك گۆر، ھاياتلىق مەزگىلىدىكى ياخشى - يامان ئىبادەتلەردىن ھېساب ئالىدىغان ئادىللىق ئامبىرى؟ گۇناھلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان مۇدھىش دوزاخ. نېمە؟ بۇ دېگەنلىرىم قوپاللىقمۇ؟ ياق، ھەممىسى دوزاخقا كىرمەيدۇ. ياخشىلار ئۇچۇنمۇ ئاخىرقى قونالغۇ بار، مەنمۇ ئىنسان، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقىمەن، مەن يەنىلا ياشىشىم كېرەك، كۇپۇرلۇق ئۆتىدۇ؟

ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي نېمە ئىلاجىم. ھاياتلىق ئىلاھى دومىلىتىپ يۇرگەن ساغلاملىق مېدالىغا سوزۇلغان قولۇم بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ، ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان كۆزۈم بىردىنلا قېتىپ قالدى. مانا بۇ چەكلىك ھايات سەپىرىمدە ھاياتلىق تۆگىسىگە مىنىپ ئىزسىز كېتىۋاتىمەن. بىراق، مېنى ئۆلۈم مەپىسى ئاللىبۇرۇن كۇتۇپ تۇراتتى. پۇتلىرىم جانسىز، تىللىرىم كالۋالىشىپ، ئۆزۈم بىر يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالدىم. ئاھ، تەڭرىم! ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت، ساغلاملىق ئاتا قىلغىن، ئۇزاق ئۆمۈر بەر، غاپىللىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى تۋۋا-ئىستىغپار بىلەن يۇيۇپ تۈگىتەي. مەن مۇشۇ خىياللار ئىسكەنجىسىدە سەنئەت ئۆمىكى يېنىدىكى خالىي قاۋاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتىمەن. بىراق، مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچىشىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىسە كېرەك. مەن

ئويلايمەنكى ، دۇنيادا بەخت بىلەن بەختسىزلىك هامان قوشكېزەك .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ بىر ئېقىن سۇ ، هاياتلىق دەرياسىنىڭ ئەڭ تېز ، ئەڭ ئۇلۇغ دولقۇنى ، سۆيگۈ ـ مۇهەببەتنىڭ ئائىلىگە مۇجەسسەملەنگەن پاكلىق تەلپۈنۈشى ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ گۈزەل مەنزىلىدۇر .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ بىر سۆيۈملۈك جەريان ، ئۇ بارچە ئىنتىلىدىغان خۇش پۇراق تارقىتىدىغان گۈزەللىك باغچىسى .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ بىر خىل بەخت ـ تەلەي ، مۇهەببەت ـ نەپرەتكە تولغان سىرلىق دۇنيادۇر .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ بىر پۇرسەت .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ بىر ئاچچىق ـ چۇچۇك ئازاب . ئۇ قەيسەر ، غايىلىك ، ئىرادىلىك ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان تىرىشچان كىشىلەر ئۇچۇن گۈزەل ، مېھرىلىك .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ بىر گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇ ، بەختىنىڭ يادروسى . بىراق ، تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك دىلنى ئازابلايدىغان ئىزتىراپلىق كەچمىش .

* * *

تۇرمۇش ـ ئۇ «باردا پولدۇرۇڭ ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك ، ئۇنىڭدىكى يوقسۇزلۇق تاشتىنمۇ قاتتىق .

* * *

تۇرمۇش گۈزەل ۋە سىرلىق بىر دۇنيا . ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك بىر ھۇجەيرىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھرىدىن تاتلىق نەرسە بولمىسا كېرەك . شېرىنلىكى ئۇلارنىڭ قەلبى تۆرىگە چەمبەرچاس باغلانغان كۆڭۈل رىشتىسى . سۆيگۈ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇچى مېھىر ـ مۇھەببەت بۇلىقى ، بىر-بىرىنى ئۆز قۇچىقىدا يايراتقان مامۇق يوتقان ـ كۆرپە ، مۇقەددەس لەۋ تىلسىمى .

* * *

تۇرمۇش دېگەن فورمۇلاسىز ھېساب ، يوللىرى قىيىن ۋە مۇرەككەپ ، ئۇنىڭ فورمۇلاسىنى ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تۈزەلىسە بەخەت ـ ئامەت ئەجرىگە لىللا جاۋاب قايتۇرىدۇ . تۇرمۇش فورمۇلاسىمۇ ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ .

* * *

تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەت ، مېھىر - مۇھەببەت ، كۆيۈمچانلىق ، ۋاپادارلىق يىلتىز تارتقان يەردە بولىدۇ . ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىمۇ باشقىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ، خالىس تۆھپە قوشۇش بىلەن تېخىمۇ ئۇلۇغ مەنىلەرگە ئىگە بولىدۇ .

* * *

تۇرمۇشنى ھەقىقىي چىن مەنە بىلەن تويۇندۇرۇپ ، كىشىلىك ھاياتتىكى ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ، ئەل قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش ئاجايىپ بىر ئېسىل شان - شەرەپ ، ئالىي مۇكاپات .

* * *

تۇرمۇش - ئۇ يېتىملەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى ، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك يېتەكچىسى ھەم ئۇستازىدۇر .

* * *

تۇرمۇش - ئۇ يېڭى كېلىنىنىڭ قېيىنئانىسى ، ئويغانغانلارنىڭ كۈرەش مەيدانى ، باتۇرلارنىڭ غەلىبە پەرمانى ، نەپخورلارنىڭ مەڭگۈلۈك قەبرىگاھىدۇر .

* * *

تۇرمۇش - ئۇ گۈزەللىك ۋە رەزىللىككە ھامىلىدار بولغان ئانا . چۈنكى ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك بىر - بىرىگە كۈشەندە ھەم ئايرىلماس قوشكېزەكلەردۇر .

*　　*　　*

تۇرمۇش ـ ئۇ بۇ ئالەمدىكى ئەڭ بۈيۈك ئالىي مەكتەپنىڭ داڭلىق پىروفېسسورىدۇر . هايات مەنزىلىدە ياشاۋاتقان هەربىر ئىنسان ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئوقۇغۇچىلىرىدۇر .

*　　*　　*

تۇرمۇش ـ ئۇ خىزمەت ، ئائىلە ، سالامەتلىك ، دوستلۇق ، ئەقىل - پاراسەت ، روھ ، بەخت - ئامەت ، سۆيگۈ-ساداقەت ، شاد-خۇراملىق ، قايغۇ - هەسرەت ، غەزەپ-نەپرەتنىڭ گۇۋاهچىسىدۇر .



# ئايال

ئايال ـ ئۇ ھاياتلىق پەرىشتىسى ، شائىرلارنىڭ شېئىرىي ھېسسىيات بۇلىقى . شادلىق ، گۈزەللىك تەۋەللۇت قىلغۇچى ئۇلۇغ ، سۆيۈملۈك ئىنسان .

ئايال ـ ئۇ بىر قولىدا بۆشۈكنى ، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرەتكۈچى ، چەكسىز مېھرىبانلىقى ، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان روھى بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ تەبىئەتنى ، ئىنسانىيەت ئالەمىنى ئەللەي ئەتكۈچى .

ئايال ـ ئۇ باتۇر ، قەيسەر ، غۇرۇرلۇق ، ۋىجدانلىق ئەرلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى ، كۆيۈمچان ۋاپادارى ، ئائىلىسى ، پەرزەنتلىرىنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىرىشتۇرۇشنىڭ سەردارى ، ئىناق ، بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىشنىڭ غەلىبىدارى . كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈل پەرىشتىسى .

ئايال ـ ئۇ ئۇلۇغلۇق قۇببىسىنىڭ سۇلتانى ، شەرم ـ ھايا ، ئەدەپ ـ ئەخلاق بېغىنىڭ گۈلىستانى ، ئىپتىخارلىق يۈرەكلەرنىڭ گۈلخانى .

ئايال ـ ئەرلەر قەلبىگە سۆيگۈ ئوتىنى تۇنجى تۇتاشتۇرغۇچى . مۇھەببەت زەنجىرىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىغۇچى .

# ئايالىمغا خىتاب

ئېھ ، قەدىرلىك ئايالىم ! بۇ سۆز چىن يۈرىكىمنىڭ ھەقىقىي كۈي ساداسى . ئەر - خوتۇنلۇق مېھىر - مۇھەببىتىمىزنىڭ چەكسىز سۆيگۈ داۋاسى . مانا بىز تۇرمۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ئەمەس ، بەلكى ئون نەچچە يىللىق ئەر - خوتۇنلۇق ئائىلە تارىخىنى غەلىبە بىلەن بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرماقتىمىز . بۇ بىر تارىخ ، بۇ ھايات مۇساپىمىزدىكى بىر بەخت - سائادەت . تۇرلۇك زىددىيەتلىرىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى . ئېھ ، سۆيۈملۈك ئايالىم ، مەن سېنى ئاۋۋالقىدەكلا ھۆرمەتلەپ ، قەدىرلەپ ۋە ئەرلىك بۇرچۇمنى ياخشى ئادا قىلىپ كەلدىم . بىراق ، سەنچۇ ؟ ھەي بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس . راستىنى دېسەم ئائىلە مۇھىتىغا تولۇق ماسلاشماي ، ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىر يۈكىنى مېنىڭ زىممەمگە ئارتىپ قويدۇڭ . ئېرىگە بىر ئۆمۈر ۋاپادار ، لاياقەتلىك ئايال بولۇش سەندىن نۇرغۇن بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، ئۆزۈڭدىكى تەرسالىق ، ھۇرۇنلۇق ، تەييارغا ھەييار ياشاش كۆڭلۈڭنى بىئاراملىق ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋېلىپ ، بەختلىك ئانا بولۇش ئىستىكىڭنى بەربات قىلدى . بۇ سەندىكى بىر ئاجىزلىق ، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە مىللەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشالماي ، ئۇلۇغ ئانىلارغا خاس شان - شەرەپلەردىن ئايرىلىپ قېلىشىڭنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر .

ئېھ ، ھۆرمەتلىك ئايالىم ، پۇرسەت غەنىمەت ، سۆزۈمگە

ئوبدانراق قۇلاق سېلىپ ، ئۆزۈڭدىكى بولمىغور ئىللەتلەر بىلەن تېزرەك خوشلىشىپ ، يېڭىــباشتىــن گۈزەللىــك ، كەڭ قورساقلىق ، ئاق كۆڭۈل ، كۆيۈمچانلىق ، مېھربانلىق قەلبىڭگە سىڭگەن ، ھەقىقىــي سۆيۈملۈك ئۆمۈرلۈك جۈپتۈمگە ئايلان . يولسىز ئازارلىشىپ دىل ئاغرىتقىغا مۇپتىلا بولما ؟ ۋۇجۇدۇڭدا ئەبەدىي دوستلۇق ، ئىناقلىق مەشئىلى لاۋۇلداپ يانسۇن . ئاتاڭ ، ئاناڭ ، ئاتام ۋە ئانام ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ، ئوچۇق چىراي ئاچ ، مېھمانلار ئالدىدا گەپ - سۆزۈڭ يېقىملىق ، ئايىغىڭ ئىتتىك بولسۇن . ئەمەلىيىتىڭ ئارقىلىق بارچە كۆڭۈل قەسرىدە ياخشى تەسىر قالدۇر . شۇ چاغدا مەن سېنى ئىززەت - ئېكرام بىلەن لېۋىڭگە لېۋىمنى يېقىپ ، قايتىدىن تاتلىق - تاتلىق سۆيىمەن . مەڭگۈلۈك ئايرىلماس ھەمراھىڭ ، كۆيۈمچان جۈپتۈڭ بولىمەن . قېنى ئىللىق ئائىلــدە بەخت پەيزىنى قانغۇچە سۈرەيلى ، غايە - ئۈمىد قوينىدا دېگەنلىرىمىزنى كۆرەيلى ، بۇ ئاچچىق خىتابلىرىم دەمال سېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ ، ئازابلىسىمۇ ، تاتلىق جاۋابلىرىڭ مېنى چىن ئىنسانلىق قەسرىدە بىقارار - ئىنتىزار قىلىپ كۈتمەكتە .



# بەخت سەن نەدە؟

مەن بەزى چاغلاردا بەخت ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا پاتىمەن . خىيال تەپەككۇرۇم مەن ئېرىشمەكچى بولغان بەخت ئىشقىدا توختىماي پەرۋاز قىلىدۇ . ئەي بەخت سەن نەدە ؟ ئۇمىدلىك نىدالىرىم بەختىنىڭ ئىللىق قۇچىقىغا ھەر ۋاقىت ئىنتىلدۇرىدۇ . بىراق ، تەلمۈرۈشتىن ئامەت قاچىسىنى تولدۇرماق تەس . مەن گېزى كەلسە تىجارەتتە مىليونېر ، ئورۇن ، ھوقۇقتا بىرەر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولۇپ باقاي ، بايلىق ، مەنسەپ ماڭا قانچىلىك بەخت ئېلىپ كېلەركىنتاڭ ، بۇ سىرلىق تەتقىقاتنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم .

تىجارەتتە ئەقىل - پاراسەت ، تىرىشچانلىق بولمىسا زىيان تارتىدىغان ؛ خىزمەتتە ئەستايىدىل ، مەسئۇلىيەتچان بولمىسا ، موللاق ئېتىپ ئېغىر ھەسرەت - پۇشمانغا قالىدىغان گەپ . ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە قانداق قايغۇ - ئەلەملەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كىم ئالدىن مۆلچەرلىيەلىسۇن ؟ پۇلغا خۇشاللىق ، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى سېتىۋالغىلى بولسىمۇ ، تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي بەختنى ، خاتىرجەم مۇھىتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ .

ئادەم كىشىلىك ھاياتىدا ئىزدەۋاتقان بەخت پەقەت ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن دەۋران سۈرۈشمۇ ؟ زورىغا دوختۇرخانىدا يېتىپ ، مال - دۇنيا يىغىش كويىدا ئاچچىق دورىنى زورلاپ

يېيىشمۇ ؟ كۇنبويى رېستورانلاردا ئېسىلزادىلەرنى قولتۇقلاپ يۈرۈپ ئۆلگۈچە هاراق ئىچىش بىلەن جېنىنى قىيناشمۇ ؟
بەخت ـ ئۇ بىر تەلەي يۇلتۇزى . جاپالىق ئەجىر - مېهنەتنىڭ گۇل تاجى .
ئېھ ، بەخت قۇشى ! سەن نەدە ، كېلىپ بېشىمغا قون ، مەڭزىمنى سىلا ، تەلەيسىزلىك پاتقىقىدىن تارتىۋال .



# ئانا

ئېھ ، ئانا ! سەن ھاياتلىق سەپىرىمگە ئاق يول تىلەپ ، بەختىم ئۈچۈن بارلىقىڭنى ئاتقۇچى تۆھپىكار ، ئەڭ قەيسەر جەڭچىسەن ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ مېھرىبان ، ئاق كۆڭۈل قوغدىغۇچىسى ، مۇزدەك دىللارنى ئېرىتكۈچى ھارارەت بۇلىقى ، دۇنيادىكى ھەممىدىن ئۇلۇغ سېخىي ئىنسان . سەن پەرۋىشكار باغۋەن ، ئاق - قارىنى ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگۈچى جاھاننامە ئەينىكى ، پۈتكۈل دۇنيانى يورۇتقۇچى تۈن قوينىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇز . پاك مۇھەببەت ، چىن سۆيگۈ ئۇچقۇنى .

ئېھ ، ئانا ! سەن مېنىڭ پەرۋىشكارىم ، ئەڭ تەلەپچان ، كۆيۈمچان ئۇستازىم ، ئۆز ئەجرىڭگە ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغان باھادىر ، كەڭ قورساق ئۇلۇغلۇق ئىلاھى . ئىناق ئائىلىنىڭ قۇرغۇچىسى ، بۇ دۇنيانىڭ ئەزىز مېھمىنى .

ئېھ ، ئانا ! سەن دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان ، ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسانسەن . سېنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتىڭنى ئاددىي تىلىمدا تەرىپلەپ بولۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

ئېھ ، ئانا ! ھاياتلىق گۈلزارىدا خۇش پۇراق چېچىپ كۈل ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆر ، بەخت - ئامەت ساڭا مەڭگۈ يار بولسۇن .

# ئانا ھەربىر كۈنىڭىز شادلىققا تولسۇن

1

ئانا ــ دۇنيادىكــــى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ مېھرىبان ، ئەڭ كۆيۈمچان ، ئەڭ سۆيۈملۈك ، جاپادىن قورقمايدىغان قەيسـەر ، باتۇر ئىنسان . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكــى پەرزەنتلــــرىگە بولغان كۆيۈنۈش ھاياتنىڭ يىراق مۇساپىلىرىگە بولغان ئىنتىلــــش ئوتلىرى يېڭى بەخت يولىنى كۆرستىپ يالقۇنجايدۇ .

2

ئانا ــ سىز ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ، بەختى پارلاق ئايال ، توققۇز پەرزەنتنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى غەمگۇزار ، ئۈمىد قۇياشى ، ئائىلىنىڭ شادلىقى ، مىللەتنىڭ لاياقەتلــك ئانىسى . ھۆرمەت تۆرىنىڭ گۈل تاجىسى . پۈتۈن دۇنيادىكى بارچە گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى .

3

ئانا ــ پەرزەنتلەر ئۈچۈن بارلىقىنى ، ئانىلىق مېھــر - مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقــت تەييار تۇرىدىغان ھاياتلىق ھەمشىرىسى . بىراق ، ئانىلار ئۈچۈن پەرزەنتى ، ۋاپادار

جۈپتىدىن ئايرىلىپ دۇنيادا يېگانە قېلىشتىن ئارتۇق ئەڭ چوڭ ئازاب بولمىسا كېرەك .

## 4

ئانىنىڭ قۇياشتەك تەپتى ھەرقاچان بىر خىل دۇنيا . قۇياش كېچىسى ئۆزىنى دالدىغا ئالغان بىلەن ئانىنىڭ مېھرى كېچە - كۈندۈز ، قىش - ياز پەرزەنت ئىشقىدا كۆيۈپ يېلىنجايدۇ . مەيلى قانداق تەتۈر قىسمەت ، بەختسىزلىككە ئۇچرىسىمۇ ھاياتقا باشتىن-ئاخىر ئۈمىد بىلەن قارايدۇ . دۇنيادا ئادەم بولۇپ تۇغۇلماق ئاسان ، بىراق ئادەمدەك ياشىماق تەس .

## 5

ئانىلار ئۈچۈن ھايات بىر ئېقىن دەريا . ھايات يولى ئەگرى-توقاي ، شىۋىرغانلىق داۋان . ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئازاب ، كۈلكە بىلەن يىغا ، بەخت بىلەن بەختسىزلىكتىن پۈتۈلگەن مۇندەرىجىسى يوق چوڭ بىر قامۇس . بۇنىڭ قايسى بېتىگە خۇشاللىق ، قايسى بېتىگە دەرد - ئەلەمنىڭ ، قايسى بېتىگە ئامەت ، قايسى بېتىگە ئاپەت ، قايسى بېتىگە خەيرلىك قەدەم ، قايسى بېتىگە خەتەرلىك ، قورقۇنچلۇق تەقدىرنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقىنى پەقەت شۇ ئىنسان ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەقىقىي جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ . چۈنكى ، ھايات بىر سىرلىق تېپىشماق ، تۇرمۇش ئانا بىلەن يېقىملىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان دۇنياغا كۆز ئېچىپلا تۇنجى بولۇپ ئانىسىنى كۆرىدۇ . ئانىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا ئەللەيلىنىپ چوڭ بولىدۇ . بۇنىڭدىن ئانىنىڭ نەقەدەر شەخسىيەتسىز ئۇلۇغ شەخس ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز .

# بالامغا خەت

بالام ، سەن ئائىلىمىزنىڭ شادلىقى ، بەختى ، نۇرلۇق چىرىغى ، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى . بالام ، سەن بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز ، بارلىقىمىز ، لېكىن مەن ۋە ئاناڭ ساڭا مەڭگۈ باقمەندە ئەمەس ، بىز پەقەت سېنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ ، ئادەم بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا ساڭا قالدۇرغۇدەك ھېچقانداق بايلىقىمىز يوق . مېنىڭچە ، دۇنيادا پەرزەنتىنى بىلىم بولىقىدا سۇغىرىپ ، يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىنمۇ ئارتۇق مىراس بولمىسا كېرەك ، دەيمەن . شۇڭا ، ساڭا ئاتىلىق بۇرچۇم بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قالدۇراي ، ئېسىڭدە تۇتارسەن .

بالام ، بىز سەندىن ئەركە - نايناقلىق ، ھۇرۇنلۇق ، تەييار تاپلىق ، بىخۇدلۇقنى ئەمەس ، ئەقىل - پاراسەت ، جاپادىن قورقماس ئىرادە ، ئۈمىدۋارلىق ، بالىلىق مېھرىڭ بىلەن سۇغىرىلغان ۋاپانى كۈتىمىز . بالام ، ئويلاپ باقتىڭمۇ ، ئىنسانغا بىلىم ، ئەقىل - پاراسەت ، ساپا - ئىقتىدار دېگەنلەر ئەبەدىي قانات . كونىلار «ۋاقىت - ئاتقان ئوق» دەپتىكەن . شۇڭا ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىل ، زامان - ماكان بەرگەن ھەربىر پۇرسەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، كەلگۈسۈڭ ئۈچۈن تىنماي كۆرەش قىل ، ئاساسىڭنى پۇختىلا . شۇندىلا مىللەت ، جەمئىيەتكە يارامىلىق پەرزەنت بولۇپ ، باسقان ئىزلىرىڭدىن قىزىلگۈللەر ئۈندۈرەلەيسەن ۋە ئاتا - ئاناڭنىمۇ لاياقەتلىك ئاتا - ئانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرالايسەن .

# ئاتا - بالىلىق مېھىر - مۇھەببەت

## 1

ئوغلۇم ، سەن مېنى سېغىندىڭمۇ ؟ مەن كېچە - كۈندۈز سېنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن ، ئەسلەيمەن . بىراق ، ئىككىمىزنىڭ ئاتا - بالىلىق مېھرىنى رەھىمسىزلەرچە ئايرىپ تۇرغان ئاشۇ مۇزتاغ باغرىنى 14 يىلدىن بېرى قۇياش ئاپتىپىدەك جىلۋىلەر بىلەنمۇ ئېرىتەلمەي تا بۈگۈنگىچە ئاچچىق ئەلەم يۇتۇۋاتىمەن . سەنچۇ ؟ ئاشۇ پاخىمباش ئاناڭنىڭ تەلۋىلىكى تۈپەيلى ئامالسىز يات بىر دادىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ بويۇن قىسىش بىلەن ياشاۋاتقانلىقىڭمۇ ماڭا بەش قولدەك ئايان . سۆيۈملۈك ئوغلۇم ، تەقدىر ئاتا-بالا ئىككىمىزگە بېزەڭلەرچە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ ، ھەتتا سېنى مەندىن تاندۇرۇپ ، ئىسىم - فامىلەڭنىمۇ ئۆزگەرتىپ ، ۋۇجۇدۇڭدىكى مېنىڭ پاك قېنىمنىمۇ ئالماشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ .

ئوغلۇم ، مەن بىر دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن سەمىڭگە شۇنى سېلىپ قويماقچى : سەن ئىككى يېرىم ياش ۋاقتىڭدا مېنىڭ ئىللىق مېھرىمدىن ئايرىلدىڭ ، تۇنجى دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقتىڭدىكى خۇشاللىقىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى . مانا ھازىر بۇرۇتلىرىڭ خەت تارتىپ ، ئاق - قارىنى ، ھەق - ناھەقنى ئايرىغۇدەك چېچەن يىگىت بوپسەن . ئويلاپ باقە ، دۇنيادا ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن پەرزەنتىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاتا بارمۇ ؟

## 2

ئوغلۇم ، سەن بۇ دۇنيا - ئۇ دۇنيا مېنىڭ هايات چىرىغىم ، ئۈمىدىم ، ۋارىسىم هېسابلىنىسەن . چۈنكى ، چىرايىڭدا پارلىغىنى پەقەت مېنىڭ جىسمىم ئىزنايىم . شۇتاپ يۈرىكىم ئۈنسىز يىغلىماقتا . ئاناڭنىڭ سوت دەرۋازىسىدا پۇل - مال ئۈچۈن قىلغان هەربىر ئېغىز سۆزى قەلب جاراھىتىمنى ئۇششۇك هەرىسىدەك چېقىپ تىلغىماقتا . بۇ ئىشلارنى تەدرىجىي چۈشىنىپ قالىسەن . ئەمما ، هاياتلىق ئالىمىدە ئېتىقاد ، ئەخلاقىڭنى بۇلغىما ، هەربىر هايات قەدىمىڭنى ئاۋايلاپ پۇختا باس ، پاك مۇهەببەت ، گۈزەللىكنى سۆي ، ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلىرىڭگە كۆڭۈل - كۆكسۈڭنى كەڭ تۇت . هەسەتخورلۇق ، ئىچى قوتۇرلۇقتىن يىراق تۇر . قىلىۋاتقان ئىشىڭ قانچە جاپالىق بولسىمۇ ، كەلگۈسى رېئاللىقتىن چەتنىمە . كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئىشەنچ ، ئىرادە بەيگىسىدە شەيئى ، هادىسىلەرنىڭ ماهىيىتىنى هەقىقىي چۈشەن . ئادىمىيلىك قەدىر-قىممىتىڭنى دەپسەندە قىلماي ، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلە ، يېڭى-يېڭى كەشپىياتلارنى ئىجاد قىل .

## 3

ئوغلۇم ، سەن دېگەنلىرىمدىن خىجىللىق هېس قىلىۋاتقانسەن . شۇتاپ مېنى يېقىملىق ئاۋازدا «دادا» دەپ چاقىرغان بولساڭ ، خۇشاللىقتا يۈرىكىم يايراپ كەتمەسمىدى ؟ مەڭزىڭگە مەڭزىمنى يېقىپ كۆزلىرىمدىن هاياجان يېشى تاراملاپ ، سېغىنىش ئازابىدا پىغان چەككەن باغرىم تەشناللىقا قانماسمىدى ؟

خىيال تەپەككۇرۇمدا بىردىن پۈت - قولۇمغا جان كىردى . ئاھ ، ئوغلۇم ، ئاھ ، ئاتا - بالىلىق مۇھەببەت ، سەن قەيەردە ، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي ئۈنلۈك توۋلىدىم . تاتلىق ئوي - خىياللار قاپتىلىدا كېچە - كۈندۈز قانغۇدەك ئۇخلىيالمىدىم . ئاشۇ ۋاپاسىز ئايالنىڭ ئاغزى قىچىشىپ پات-پات ، يىل ئاتلاپ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ بېرىشى ، مېنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىشى ئاچ كۆز بىر ئىنسانغا بولغان ئۆچمەنلىكىمنى كۈچەيتىۋەتتى .

## 5

مانا بۇ قەلبىمدىكى چەكسىز ئازاب ، كەڭ دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ ئويلاپ بېقىشىغا سۇنۇلغان ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە . 15 يىلدىن بېرى ، ئاجرىشىش تۇپەيلى يۈز بەرگەن ئاچچىق پاجىئە يادنامىسى . ئوغلۇم ، مەيلى مېنى دادا دەپ چاقىر ياكى ھۆرمەتلە ، ياكى ئەكسىچە ئىش تۇت ، مەن يەنىلا سېنىڭ داداڭ ، بۇ ئىنكارسىز ھەقىقەت ، مېنىڭ ئويچان كۆزۈم ھەر ۋاقىت يولۇڭغا تەلمۈرۈش ئىلكىدە تىكىلمەكتە . ياراتقان ئىگىسى ساڭا مەڭگۈ ئىناقلىق ، شاد - خۇراملىق ، بەخت - ئامەت ئاتا قىلغاي ، ئاتا - بالىلىق مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى ئەبەدىي مۇستەھكەملىگەي .

# مىسكىن روھ

دۇنيادا ھەسەتخور ئادەم تولىمۇ قۇۋ ، ھىيلىگەر ، پىتنە-پاساتچى ، ئاچ كۆز كېلىدۇ . ئۇنىڭ قەلبى بىر خىل ئۇۋۇ مىلتىقىغا ئوخشاش رەھىمسىز بولۇپ ، ياخشىلار بىلەن ئازارلىنىش ئارقىلىق زاۋالغا يۈزلىنىدۇ .

*　　*　　*

دۇنيادا ئادەمگە يوقسۇزلۇق ، بىچارىلىك ۋە موھتاجلىق دەردىنى تارتىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك . چۈنكى ، ئۇ ھەربىر ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە ئوخشىمىغان ئوي - خىيال ، كۈتۈلمىگەن تەقدىر - قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىدىغان ئەشەددىي قاتىل .

*　　*　　*

ئېتىقاد ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي روھىي قوماندانى . قەسەمخور كىشىلەر ھەر قەدەمدە غايە - ئېتىقادسىز ، مەۋقەسىز ياشايدۇ .

*　　*　　*

ياخشىلىق ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمە . قەلبتىكى سېغىنىش خاتىرىسى . ئۇ گېزى كەلگەندە باغدا ئېچىلغان خۇش پۇراق

قىزىلگۈلگە ئوخشاش ئۆز مېھرىدىن كىشىگە ئەبەدىيلىك ھۇزۇر لەززىتى ئاتا قىلالايدۇ .

*　　*　　*

پۇشايمان ئىنسان قەلبىنىڭ بۆلىقى ئەمەس ، ئۇ ـ بىر ئاجىز ھېسسىيات مېلودىيەسى ، ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىش قەسىرى .

*　　*　　*

يالغانچىلىق ھۈنىرى ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىشتۇر . ئۇ قەدەمدە بىر ھايات دەرىخىنى خورىتىدىغان تۆمۈر چىشلىق قۇرت . ئۇ ئادەمگە ئالدىدا كۈلۈپ ياخشىچاق كۆرۈنگىنى بىلەن بەرىبىر ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا رىزقى كەم ، ئۆمرى قىسقا بولۇشنى ھەرگىز بىلمەيدىغان ئېزىتقۇ شەيتان .

*　　*　　*

كۆرەلمەس ، ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ يىلان تىلىدىن ھەر ۋاقىت شېكەر يالىتىلغان زەھەر تامچىپ تۇرىدۇ .

*　　*　　*

ئادەم ئىنسانلىق تەبىئىتىنى يوقاتقانسېرى ، غالجىرلاشقان ئىتقا ئوخشاش تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىدۇ .

*　　*　　*

سەن غەلىبە شادلىقىڭدىن قاقاقلاپ كۈل ، كۈلكەڭنى

دۈشمىنىڭگە كۆرسەت ، يىغلاپ ياش تۆككىنىڭنى دۈشمىنىڭ كۆرمىسۇن . چۈنكى ، قىزلارنىڭ كۈلكىسى مەڭزىدە ، يىغىسى لېۋىدە .

*　　*　　*

ياشلىقتىكى كۈلپەتتىن قېرىلىقتىكى ھەسرەت يامان .

*　　*　　*

تۇنۇگۇن ئارمان ، بۇگۇن پۇرسەت ، ئەتە ئارزۇ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

*　　*　　*

ھاياتلىقتا ساتقۇن ، مۇناپىق ئادەم ھەر ئىككى تەرەپكە ئاسىي بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنداقلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

*　　*　　*

ئاپەتنىڭ بېشى ھەسەتخورلۇق . ھەسەتخورلار ئۈچۈن باشقىلارنىڭ شادلىقى قايغۇ ، قايغۇسى شادلىقتۇر .

*　　*　　*

نەپسانىيەتچىلىك ئىنسان تەبىئىتىگە ياتىدىغان ۋە ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ پەيدا بولىدىغان بىر خىل تۇغما خاراكتېر ، ئۇ بەزىلەرگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ تالاي خۇشاللىق ئاتا

قىلالىسىمۇ ، يەنە بەزىلەرگە تۇگەتكۈسىز ئاچارچىلىق ، ئازاب -
ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ .

*　　　*　　　*

چېكىدىن ئاشقان ئاچ كۆزلۈك شۇكۇر - قانائەت ،
ئىنساب-نومۇس دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ،
باشقىلارنىڭ رىزقى ، بەختىنى ۋەيران قىلىدۇ ، ئاخىرى ئۆزىمۇ
هالاك بولىدۇ .

*　　　*　　　*

قەلب گويا بىر ئوتلۇق تەلپۈنۈش ، يىپيېڭى غايە ، بىغۇبار
ئىستەكلەر ئىلكىدە تىنىمسىز يالقۇنجاپ ، ئىنساننى ئاخىرقى
هېسابتا هاياتلىقنىڭ بىباها ئەڭگۈشتەرىگە ئېرىشتۈرىدۇ .

*　　　*　　　*

ۋاپادارلىق كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەبەدىيلىك مىزانى .

# رومكىدىكى نىمجان ئىڭراشلار

نەس هاراق -
نىجىس هاراق .
سېنى ئىچمەي ،
ئۆتكەن ياخشىراق .

## 1

مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈمگە ئىنساب بەردىمۇ - قانداق ، هاراق دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىسام پۈتۈن بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ شۈركۈنىدىغان ، كۆڭلۈم قاڭسىق پۇراقتىن سەسكىنىدىغان ، ئۆچى - بۆچى دوستلىرىمنىڭ بىردەم-يېرىمدەم گۇڭ - مۇڭ بولۇپ ئولتۇرامدۇق دەپ چاقىرىشلىرىغا يالغاندىن چىرايلىق سىپايە باهانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بارماسلىق قارىنىنى ئېسىپ ، ئۆي تېلېفونى ، قول تېلېفونلىرىمنى ئېتىۋېتىپ ئۆيدىن تالاغا چىقماي بەخىرامان ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بولۇۋالدىم . مېنىڭ هازىرقى هالىتىمنى كۆرگەن ئايالىممۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە بىر ئاز خاتىرجەم بولۇشقا باشلىدى . دېمىسىمۇ ، ئاچچىق هاراق مېھرىدە ئېگىز - پەس دەسسەپ خېلى يىللارنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈپتىمەن . مانا ئەمدى ئۆزۈمگە قايتىپ ، كىشىلەرنىڭ هاراقكەش ، زابوي دەپ مازاق قىلىشلىرىدىن قۇتۇلدۇم . خۇداغا شۈكۈر . بۇ كوچىغا ئىككىنچىلەپ قەدەم باسماسمەن . بۇ بىر ئىرادە . بىراق ، ئاشۇ هاراق مېھرىدە ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ،

ئادىمىيلىك ئەخلاق - پەزىلىتىنى مۇشۇ غۇبارسىز پاك زېمىندا تەلۋىلىك بىلەن نابۇت قىلىۋاتقان رەڭگارەڭ كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشلەر ھېلىھەممۇ قەدەمدە بىر ھاياتقا تەھدىت سېلىپ تۇرماقتا. مەن ئويغاندىم، شۇنداق بىر ئۇلۇغ غايىنىڭ تۈرتكىسىدە قولۇمغا قەغەز - قەلەم ئالدىم - دە، پاك مېھىر - مۇھەببىتىمنى نىجىس ھاراققا ئەمەس، مېنى كەلگۈسى گۈزەل ئىقبالغا باشلايدىغان ھاياتقا باغلاپ ياشاش ئىرادەمنى ئۈمىد بېتىمگە، قەلبىمگە يېزىپ قويدۇم.

2

ھاراق ئۇ ئۆمۈرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ھاياتنىڭ قاتىلى، ئادەمنى ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئايرىپ، ھاياسىزلىق كوچىسىدا سەرسان قىلىپ ئازدۇرغۇچى رەھىمسىز شەيتان. لېكىن، مەن بىھۇدە ئۆتكەن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىم ئۈچۈن كۆپ ئاھ ئۇرۇپ پۇشايمان قىلىمەن. گەرچە مەن چەكسىز گۈزەللىككە، ۋىجدان، غۇرۇر، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتكە ئىنتىلگۈچى ئەقىل ئىگىسى بولساممۇ، ئىلگىرىكى كەيپتە سالاغا بوش مىجەزىم تۈپەيلى، ھاياتلىق مەنزىلىمدە تالاي قېتىم ئىڭراپ تولغىنىپ، نىمجانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، تۈگەتكۈسىز ھەسرەت - نادامەت دېڭىزىغا غەرق بولدۇم. بۇنى پەقەت ئۆزۈمدىن كۆرىمەن. ئەپسۇس، ھەپتىدە بىرنەچچە نۆۋەت داۋاملىشىدىغان دوستلار ئولتۇرۇشى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاخىرلاشمىدى. ئاينى ئېتەك بىلەن توسۇۋالالمىغانغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۆزۈمنى دوستلار ئولتۇرۇشىدىن دالدىغا ئېلىپ بولالمىدىم. سىرلىق رېستوران، رەڭگارەڭ ئايرىمخانا، نازىنىن خېنىم - قىزلارنىڭ شوخ جىلۋىسى مېنى مەۋقەيىمدىن ياندۇرۇپ ئىچىشكە مەجبۇرلىدى. ئائىلەمدىكىلەرگە بەرگەن ۋەدە - قەسەملىرىم بىردەملىك كۆڭۈل ئېچىشنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى.

شۇ چاغدىكى شىركەيپچىلىكتە تەڭشىلىپ قىلغان ئىپلاسلىقلىرىمنى ئويلىسام نومۇستىن مېنى ئادەم قىلىپ ياراتقان ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا ھەرگىز يۈز كېلەلمەيمەن ، بەرىكەتلىك قوينىدا ئۆستۈرگەن باغرى پاك زېمىنىغىمۇ قاراشقا پېتىنالمايمەن .

3

مەن ئاخىر چۈشەندىم . ھاراقنىڭ سېھرىي كۈچىدە يولۋاسقا ئايلىنىپ ، سېمونت كوچىغا باغرىمنى يېقىپ ، بېشىم يېرىلىپ ، پۇتۇم سۇنغاندىن كېيىن ئەقلىمنى يېڭىباشتىن تاپتىم . ھېلىمۇ جېنىمدىن ئايرىلماپتىمەن . مەيلى ئۆلمەي تىرىك مۇردا بولسامىمۇ ، ھاراق ئاتا قىلغان بۇ قېتىمقى ئاچچىق ساۋاقنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايمەن . بۇ بىر سىناق ، بۇ بىر ئاخىرقى پۇرسەت ، بۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى . مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى ، ھايات شادلىق بىلەن قايغۇ ، نۇسرەت بىلەن مەغلۇبىيەت ، يارىلىش بىلەن يوقىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇتلۇقكەن . ئاشۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە كۆڭۈل قەسرىمدە قانچىلىك ۋاقىت ساقلىنار . مەن توۋا قىلىپ تۇرۇقلۇق بۇ نىجىس كوچىغا قايتا ئاياغ باسارمەنمۇ ؟ بۇ ھەقتە ئويلاندىم . ئويلىغانسېرى بۇ قېتىمقى ئادەم بولۇش ، ئادەمدەك ياشاش ئىرادەممۇ ئۆزگەردى . مەن ئادىمىيلىك خىسلەت ، ئېسىل پەزىلەت بىلەن ئىككى قولتۇقۇمدىكى خادىغا تايىنىپ ، ئۈمىد ، ئىشەنچ مۇنارىمنى تىكلەپ ئىللىق ئائىلەمنى خانۇۋەيرانچىلىق ، خوتۇنۇمنى تۇل ، بالىلىرىمنى يېتىم قىلماسلىققا مەڭگۈ بەل باغلىدىم . خەير - خوش سىرلىق شېشە ، سۆيۈملۈك ھاراق . ئەمدى مېنى نىجاسەت قاپلىغان ھۇجراڭغا باشلىما ، نىمجان ئىڭراشلاردىن بىزاردۇر يۈرىكىم . خەتەرلىك ۋاباغا ھەرگىز يەم بولمايمەن . ھاياتىمغا تەھدىت سالما .

## 4

مەن هاراق ئىچىمەن ، جامنى تولدۇرۇپ يۈرىكىم چىلاشقۇچە ئىچىمەن . مەن ئىچىمەن ، ئەزىز دوستلىرىم بىلەن بىرگە جەم بولغان كۆڭۈللۈك سورۇندا هاياجىنىمنى باسالماستىن قولىقىم مىدىرلىغۇچە ئىچىمەن .

مەن ئىچىمەن ، ئەمەل شوتىسىدىن غۇلاپ چۈشۈپ ئىچىمدىكى دەرد ـ هەسرەتلىرىمنى سىغدۇرالماي ، ئارمانلىق مىنۇتلىرىمدا پۇت ـ قوللىرىم لەڭپۇدەك تىترەپ ، ئۆزۈمنى باشقۇرالماي خۇدۇمنى يوقىتىپ ، توخۇدەك يەرنى تاتىلاپ ياتقۇچە ئىچىمەن .

مەن ئىچىمەن ـ گاھ هەممىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزۈم يالغۇز قالغۇچە كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ قانغۇچە ئىچىمەن .



# زەھەر

زەھەر دېگەن سۆزنى ئاڭلىسام پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كېتىدۇ. قەلبىمنى بىر خىل قورقۇنچ ۋەھىمىسى قاپلايدۇ. ۋۇجۇدۇم شۈركۈنىدۇ. بەلكىم باشقىلارمۇ مەندەك تۇيغۇدا ئازابلانسا كېرەك.

زەھەر ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ھاياتى، سالامەتلىكى، ئەقىل-تەپەككۇرى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق تەرەققىياتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقۇچى خەلقئارالىق ئاپەتتۇر. ئىنسانلار روھىنى چىرىتىپ، ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقىنى نابۇت قىلغۇچىدۇر. زورلاپ چېكىپ، ئۆزىنى ھالاك، بەختلىك ئائىلىنى ۋەيران قىلغۇچى پارازىت قۇرۇتتۇر. توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنى ئازدۇرغۇچى ھىيلىگەر شەيتاندۇر. جىنسىي ھېسسىيات تەلپۈنۈش ئىشقىدا ئىڭراتقۇچى خەتەرلىك ساقايماس كېسەل مەنبەسىدۇر. ئۇلۇغ ئارزۇ - غايە، ئىشەنچ - ئۈمىد تەۋرىمەس ئىرادە، چىدام - غەيرەت، سەۋر - تاقەت، چىن كۆڭۈلدىكى سەمىمىي نىيەت، ئەمەلىي ھەرىكەت ئالدىدا مەغلۇپ بولغۇچى ئاجىز دۈشمەندۇر. كىشىلەرنى تالاي ئاچچىق ساۋاقلار تىراگېدىيەسىدىن چۆچۈتۈپ ۋە ئويغىتىپ، ھەربىر ئادەمنى ئۆز - ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۈندەيدىغان ئېچىنىشلىق پاجىئەدۇر. ئىبرەت - ئىبرەت، ئۇ ئازغۇنلارنى مەئىشەتتى بىلەن ئۆگىتىپ، مال - دۇنيا، تاپقان - تەرگىنىنى بىرمۇبىر تۈگىتىپ، بىر تىرە-بىر ئۇستىخان ھالىتىدە قالدۇرۇپ جانىنى ئالغۇچى رەھىمسىز ئەزرائىلدۇر.

# بازار

بازار ـ ئۇ كۆپ خىللاشقان ، سودا ـ سېتىق ، تاۋار ئالماشتۇرۇش سورۇنى .

* * *

بازار ـ ئۇ ئەڭ سىرلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلى ، بىر خىل ئىقتىسادىي لايىھەنى مەركەز قىلغان ئەڭ خەتەرلىك ، ئەڭ تەۋەككۇلچىلىك ئاساسىدىكى رەھىمسىز كاپىتال .

* * *

بازار ـ ئۇ تىجارەتچى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى سىنايدىغان قايناق بەيگە مەيدانى . پەن ـ تېخنىكا ، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشكەن ئەمگەك . تۇرمۇش ھەلەكچىلىكـ ىنىڭ يىغىندىسى .

* * *

بازار ـ ئۇ مول تەجرىبە ـ ساۋاق تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق جەريان .

# سادا

## 1

مەن دۇنياغا ئادەم بولۇپ تۆرەلدىم. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىن جەمئىيەتكە يۈزلەنگەنگە قەدەر 30 يىللىق ھايات مۇساپەمدە ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ئادىل تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ بېقىشنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ياشاشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بۇ گۈزەل ھايات مىنۇتلىرىدا بىر - بىرلەپ تونۇپ يەتتىم.

## 2

مەن كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتىمدە ھەرخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. لېكىن، مەن كۆرگەن، ئۇچراتقان ھەربىر رېئاللىق ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم، ئىنسانغا خاس پاكلىق، جاسارەت ئېتىقادىم بىلەن ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچىلەرگە ۋىجدان، ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۈچلۈك جەڭ ئېلان قىلغۇم كېلىدۇ.

## 3

مەن سۆزلىدىم، پاكىتلىق ئىلمىي چۈشەندۈردۈم. بۇ دۇنيادىكى پارىخور ئىنسانداشلىرىمدىن رەنجىپ ئاغرىندىم. قىلىقلىرىدىن قاتتىق بىزار بولدۇم، كۆڭلۈمنى غەشلىككە تولدۇرغان بۇ رەزىل ئىنسانداشلارغا قايسى تەربىيەم كار قىلسۇن؟

# سىناق

1

ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر .

2

ئادەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىدا گۇناھتىن يىراق ياشىسا ، ياخشىلىق بىلەن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ .

3

ئادەم پەقەت تىرىكچىلىكتە قەتل قىلىنىش ، ئەسىر ئېلىنىش ، كېسەل بولۇش بىلەن سىنىلىدۇ .

4

دوستۇم ، سەن دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللەر بىلەن خۇشال بول ، ھەرگىز ھەقنى يوشۇرۇپ يالغانچىلىق بىلەن مەدھىيەلەنمە .

5

ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىنىشقا ھەقلىق .

6

ئاچ كۆزلەر پۇل ، مال ، ئابرۇي ، مەرتىۋە قوغلىشىپ

تىرىكچىلىك قىلىش بەدىلىگە ۋاقىتلىق راھەتلىنىدۇ. ئەمما، ئاخىر ھالاكەت كېمىسىدە غەرق بولىدۇ.

## 7

كۆڭلى قارا ئادەم ھارامدىن قورقمايدۇ. كىشىنىڭ رىزقىغا ئاچ كۆزلەرچە چاڭ سالىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېپلاسلىق.

## 8

دۇنيا بىر تىلسىم، ئۇنىڭ چەكسىز قوينىدا ئادەملەر ئوخشىمىغان زىكىر، غايە - ئۈمىد بىلەن ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشايدۇ. بەزىلەر ئادىمىيلىك، ۋىجدان - غۇرۇرى بىلەن ئەجىردىن ھەقىقىي ھايات مەنىسىنى تاپسا، يەنە بەزىلەر ھۇرۇنلۇق، ئېپلاسلىق، ناچار ئىللىتى بىلەن ئۆز بەختىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئادەم تۇغۇلۇپ تاكى ئالەمدىن كۆز يۇمغۇچە بولغان ئارىلىقتا بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق ۋە قېرىلىق مەزگىللىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ دەۋرلەر بىر - بىرىدىن ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

## 9

ئۇنىڭ يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقىنى بىردەملىك شەھۋانىي ھەۋەس قاپلىغان ئىشرەت ئوتلىرى. ئۇ مەي ئىچىپ كوچىنى بېشىغا كىيگەن نادانلىق، بىخۇدلۇق پاتقىقىدا ئۆز بەختىدىن ئايرىلىپ، شەيتانغا ئۇلپەتلىشىۋاتقان زەئىپ كۆڭۈل ئولجىسى. ئۇ روھى قالاق، ئەدەپ - ئەخلاق بېغىدىن شاللانغان پۇلغا ئامراق ئېپپەتسىز ناپاك ئايال. ئۇ بەختىنى قارتا، شىشخال، ماجاڭ، ئوشۇقتىن ئىبارەت قىمارغا دو تىككەن غايىسىز ئەر، سوئالسىز جاۋاب.

## 10

مەنسەپ جوزىسى تولىمۇ سىرلىق. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە پۇل، بايلىق ئۇلپىتى بىلەن گۈزەل.

# يول نىداسى

مېنى قىينىماڭلار ! مەن بىخەتەرلىككە موھتاج .

يول شۇ تەرىقىدە داد ـ پەرياد ئىچىدە زارلىنىپ ، نالە قىلدى…… يولنىڭ يۈرىكىدىن چىققان، ئىچكى سادالىرى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئاۋازىدۇر. يولنىڭ يۇقىرىقىدەك كۈچلۈك نىداسى جان بىلەن تەلۋىلەرچە ئۆيىنىشىدىغان شوپۇرلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىسۇن !

يول پارلاق نىشانغا باشلىغۇچى . ئۇ تەڭداشسىز خىسلىتى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارنى بايلىق يولىغا يېتەكلەشتە ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان ئۇلۇغ نامايەندە . يول ئىنسانلارغا بەخت يارىتىشتا قانچە جاپا تارتسىمۇ قىلچە ۋايسىماي ، كۆتۈرۈش كۈچى ۋە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بىلەن دەھشەتلىك ۋارقىراۋاتقان تۆمۈر تۇلپارلار ئاستىدا جىم ياتماقتا . يولنىڭ زىمىستان قىش ، تومۇز ئىسسىقلاردىن مۇداپىئەلىنىدىغان يېپىنچىسى يوق . يول ـ ئىنسانلارنى بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغان پاياندار . شۇنداق ئىكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاڭسىز شوپۇرلار ۋە قار ـ مۇزدىن ئىبارەت ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئاچچىق تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ؟ يولچىلارنىڭ ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ ؟ يول بۇزغۇنچىلىق ۋە تەھدىتكە ئۇچراپ ئاجىزلىماقتا . بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك قاتناش ھادىسىلىرى كۈنسايىن كۆپەيمەكتە……

ھەي ئىنسانلار ! يولنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالايلى ، بەخت يولىنى ئاسراپ ، ئۇلۇغ مەنزىلگە مەزمۇت يول ئالايلى ، يولنى جان تىكىپ قوغدايلى !

# ياشلىق

1

ياشلىق - ئۆمۈر مۇنارىڭنىڭ ئالتۇن ھەللىك قۇببىسى ، خۇش پۇراق باغدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈل .

2

ياشلىق - ئۇ يىراق مەنزىلگە تۇشۇپ بارغۇچى پاراۋۇز ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ مەنزىلگاھى .

3

ياشلىق - مۇھەببەت ئوكيانىدا توختىماي ئۈزۈپ ، ۋاپا قىرغىقىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قولۋاق .

4

ياشلىق - سۆيگۈ تەلپۈنۈشى ئۇقچۇپ تۇرغان بىر مېھىر بۇلاق .

5

ياشلىق - ئىشەنچ ، ساداقەتتىن پۈتكەن بىر تىزىق مارجان .

6

ياشلىق ـ ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ يارقىن ، ئەڭ لىرىك مېلودىيە .

7

ياشلىق ھاياتنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەل پەسىل .

8

ياشلىق ـ ياڭراق شوخ ناخشا .

9

ياشلىق ـ مۇقەددەس ئوت ، ۋىسال گۈلخىنى .

# سېغىنىش

1

سېغىنىش ـ ئۇ تاتلىق ئەسلىمە ، تەشنالىق بەلگىسى ، كۆلكە بىلەن كۆز يېشىنىڭ يېغىندىسى .

2

سېغىنىش ـ ئۇ بىر خىل يېقىملىق ھېسسىيات بولىقى ، بىر كۆپلېت شېرىن ، پاك نەزمىدۇر .

3

سېغىنىش ـ ئۇ بىر ماتەم ، بەخت قۇشىنى چىللىغۇچى نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر .

4

سېغىنىش ـ ئۇ ئەڭ چوڭقۇر قاينام بولاقتۇر .

5

سېغىنىش ـ ئۇ تەلمۈرگەن قەلبنىڭ روشەن ئەينىكىدۇر .

# قەدىرلەش

1

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى بولىدۇ. بىراق، كىمنى، نېمىنى قەدىرلەشكە ھېچكىم چەك قويالمايدۇ. ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن كىشى ئاخىرى ۋىجدان، ئەقىدە، ئادەمگە خاس سەزگۈرلۈكتىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدۇ.

2

كىشىنىڭ ئۆزىنى، ئۆز بەخت - سائادىتىنى، ئاتا - ئانىسىنى، چوڭلارنى، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنى، ۋاقتىنى، بىلىمنى قەدىرلىشى ئەڭ ئۇلۇغ مۇقەررەرلىك. لېكىن، ھاياتلىق پائالىيىتىدە بەختكە ئېرىشىپلا بەختسىزلىكنى ئۇنتۇش تولىمۇ ھاماقەت ۋە نادانلىق.

3

تۆھپە ھاياتلىق مەنزىللىرىدە پارلىغان قۇياش. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان كىشىنىڭ ساپ ئەجىر - مېھنىتى ئالتۇندەك جۇلالىق.

## 4

گۈزەل قەلب ، گۈزەل ئەخلاق ، گۈزەل مەدەنىيەت ، گۈزەل پەزىلەت ھەربىر ئادەم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىنسانىي بۇرچ . ئۇ كىشىلەرنى ئەخلاق - پەزىلەتكە ، ئۇلۇغ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ .

## 5

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزى بىر گۈزەللىك . شۇڭا ، ئادەممۇ شۇ گۈزەللىكنىڭ ئېسىل بىر نامايەندىسى .



# ۋاپاسىز دىلبەر

ئەي دىلبەر ، سەن ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئەينەككە قاراپ شۇنچە كۆپ پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ سىرتلارغا چىقىشنى بەك ئارزۇ قىلىسەن . تېخى يارىشىملىق قۇندۇزدەك قاپقارا ئۇزۇن چېچىڭنى كېسىپ بۇدۇر قىلدۇرۇپ ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزۈڭچە راھەت ھېس قىلىسەن ، ئۆي ئىشى ئەمەس ، بەلكى تاماق يەۋېتىپمۇ پۈتۈن ھېسسىياتىڭ بىلەن پەرداز ئۈچۈن خىيال سۈرىسەن . پالەكنىڭ كۆكىدەك تەۋرىنىپ تۇرغان بۇدۇر چېچىڭنى ئوڭ - تەتۈر تاراپ ، يالاڭباش سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ئالدىرايسەن . ئامالسىز قالغىنىڭدا بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ ئاتا - ئاناڭنى ئالدايسەن . شۇ چاغ كۆڭلۈڭ بىر نەرسىدىن خۇش بولغاندەك كوچىغا چىقىپ نېمىگىدۇر شۇنچە تەلمۈرىسەن . چىرايلىق ياسانغان شەھەر يىگىتلىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قارايسەن . گاھى كەچلىرى ئالا كۆڭۈل يىگىتلەر بىلەن غەيرىي سورۇنلارغا كىرىپ بەزمە قۇرۇپ پەس ھەۋەس بىلەن ئىپپەت - نومۇسۇڭنى سېتىپ شەھۋانىيلىققا بېرىلىسەن . مانا شۇ چاغ كۆزۈڭگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ . بەلكىم ئەدەپ - ئەخلاق ، ۋاپادارلىق ، ساداقەتمەنلىك ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسا كېرەك . ئەي ۋاپاسىز دىلبەر ، سەن مۇھەببەت ئارقىلىق جور تاللاپ توي قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا ئىپلاس شەرمەندىلىك كوچىسىدىن ئۆزۈڭنى تارتمىدىڭ . ئۆز

جوراڭغا خىيانەتكار هالدا بولمىغۇر پىلانلارنى ، خىياللارنى تۇزدۇڭ . سەن ھەقىقەتەن ئىنسان قىلىپىدىن چىققان هايۋانسەن . ئەي ۋاپاسىز دىلبەر ، ئويغان ! ئاشۇ ئاق كۆڭۈل نۇر يېغىپ تۇرغان سەمىمىي چىرايغا تىكىلىپ قاراشقا قانداق پېتىنالايسەن ، قانداقمۇ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلەيسەن . سەن مۇشۇنداق بىر مەخلۇق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ بەختلىك ياشىيالايسەن . سەن هازىر قارا كۆڭۈللەرگە مەنسۇپ . سەن ئۆزۈڭنى ناپاكلىقنىڭ ئىبلىس قوينىغا ئېتىپ تۇرۇقلۇق ئاشۇ ئەخلاقىي دىيانەتلىك ساپ كۆڭۈل يىگىتنى ئۆز ۋىجدانىدىن ئازدۇرالايسەن . مانا ئۇ بۇگۈن سېنى شۇ سەۋەبتىن ئۆز هۇجرىسىدىن سۈرگۈن قىلدى . ئاق خەسىدەك خالىس نىيىتى بىلەن ئەمرىدىن يوقاتتى . سەن بۇنى كۆرۈپ ئۆز جوراڭنى رەھىمسىزلىك قىلدى دېيىشىڭمۇ مۇمكىن . ئەمدى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاپادار ، قولدىشى (ئەمەس ) بولالمايسەن . سەن ئۇنىڭ ئېسىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتتىڭ ، سەن بۇ خىياللارنى سۈرگەنسېرى يۈرىكىڭنى شۇنچە ئازابلىدىڭ . ئەي ۋاپاسىز دىلبەر ، سەن ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە مەڭگۈ بەختسىز ئۆتىسەن . ئىلگىرىكى ئاشۇ پەسكەش ، شەرمەندىلىكىڭنى هېچقانداق ئىنسان بالىسى كەچۈرمەيدۇ . ئەپسۇسكى ، ساڭا ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىڭغا قاتتىق ئېچىنىدۇ هەم نەپرەتلىنىدۇ .



# ۋىجدان

ۋىجدان ـ ئەخلاقىي ھادىسە ، ھېس بىلەن ئاڭنىڭ بىرلىكى ، روھنىڭ ساداسى . ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى .

ۋىجدان ئۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ كۈچلۈك قورالى . ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرق .

ۋىجدان ـ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى يول باشلىغۇچى ئەخلاقىي مىزان ، ئەخلاقىي پرىنسىپ ، ئەخلاقىي قائىدە .

ۋىجدان ئۇ ئىككى يۈزلىمچى ، پەسكەش ساختىپەز ، رەزىل ، ئالدامچى ، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بىۋاپا ئادەملەرنى ئەبەدىيلىك ھەسرەت - پۇشايماندا قويىدىغان يۈكسەك ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت ئەينىكى .

ۋىجدان ـ بىر خىل پەلسەپە ، جان بېقىش ۋاستىسى ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي كاتېگورىيە .

ۋىجدان ـ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋەت ئۆلچىمى ، ۋىجدان نوقۇل ھالدىكى تەبىئىي تۇيغۇ بولماستىن ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ، ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان غۇرۇرلۇق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئالاھىدە ئاڭ .

ۋىجدان ـ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز دىلىدا ياشايدىغان ئەخلاقىي قانۇن .

ۋىجدان ئۇ ـ بىر ھەققانىيەت تۇگۇنى ، ئادەمدىكى ھەرىكەتنىڭ ئىھسانلىق ياكى رەزىللىك ئىكەنلىكىگە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان پاك ـ دىيانەتلىك سوتچى .

ۋىجدان ـ ئىنسان قەلبىدىكى مۇقەددەس قانۇن ، مەنىۋى مەۋجۇداتلىق ، پەزىلەت مەدەنىيىتىنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ، ئىپتىخارى ، ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھىرى ، قەلبنىڭ مۇستەھكەم پولات قورغىنى .

ۋىجدان ـ تەپەككۇرنىڭ ئادىل پادىشاھى ، ئىپپەت ـ نومۇس ئەينىكى ، چىن ئىنسانلىق پاسپورتى .

ۋىجدان ـ ئەخلاق كاتېگورىيەسىنىڭ يادروسى ، شەرم-ھايا گۈل تاجى ، ھاياتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنبەسى .

ۋىجدان ـ ئىنسان قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئادىل تارازا . ھەققانىيەت ، راستچىللىق ، سەمىمىيلىك مىزانى .

# يۈرەك نېمە دەيدۇ؟

مەن ھازىر ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ ئەگرى - توقاي داۋانلىرىدىن ھالقىپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىدىم. بەخت قۇشىمۇ گاھ بېشىمغا قونۇپ، گاھ ئۇچۇپ كېتىپ، تالاي سىناقلارغا دۇچار قىلدى. لېكىن، قەلبىمدىكى ئۈمىد - ئىشەنچ يەنىلا گۈلخانلارچە يېلىنجىماقتا. گۈزەل ئارزۇ-ئىستەك ماڭا ئىللىق قاراۋاتقاندەك، پارلاق نىشانغا باشلاپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شادلىق بىلەن خاپىلىقنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقىنى، دۇنيانىڭ شۇقەدەر سېھىرلىك ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى مۇشۇ دەقىقىدە چۈشەندىم.

*　　*　　*

گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار قايىنىمىدا غۇلاچ كېرىپ ئۈزۈۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ ھېس - تۇيغۇ مېنى تۇرمۇشتىكى چاكىنىلىق، نامەردلىك پاتقىقىدىن تارتىپ، ۋۇجۇدۇمنى پاكلىق گۈلشىنى بىلەن ياشارتماقچى.

*　　*　　*

مەن ئۆز مۇھەببىتىمگە سادىق بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىللىق، بەختلىك ئائىلەمدىن ۋاز كېچىشنى ئەسلا راۋا

كۆرمەيمەن . چۈنكى ، دۇنيادا ئۆز جۇپتى ، بەختلىك ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ، سەرسان ، خانىۋەيرانچىلىق ئازابىنى تارتىشنى كىممۇ خالىسۇن !

*　　*　　*

مەن پاك سۆيگۈ ـ ساداقىتىم بىلەن ئۆزۈمنى ئەڭ ئاقىلانە ، ئالىيجاناب ھېسابلايمەن . تۇرمۇش ئادىتىمگە سىڭگىنى پەقەت غەيۋەت ـ شىكايەتتىن يىراق تۇرۇپ سۈكۈت بىلەن ياشاشتۇر .

*　　*　　*

مەن ئەزەلدىن پەردازسىز ياشاشقا كۆنۈپ قالغاچقىمىكىن ، تۇرمۇشۇمدا بىرەر قېتىممۇ يالغانچىلىق بىلەن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمايمەن . چۈنكى ، نىقاب ئىچىگە يوشۇرۇنغان يالغانچىلىق ۋاقىتلىق ئۇنۇم يارىتالىسىمۇ ، ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ شاھىتى بولالمايدۇ .

*　　*　　*

مەن تۇرمۇشتىن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن قانائەتلىنىش ، ماختىنىش بەدىلىگە ھۆرمەت قوچالمايمەن ، زىيادە بېخىللىق بىلەن ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى قىيناپ قانداق پايدىغا ئېرىشەي .

*　　*　　*

مەن ئالىيجاناب ، مەرد ، سېخىيلىقىم بىلەن ئۆز مەرتىۋەمنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدىن قورقمايمەن . چۈنكى ، دۇنيا ئۇلۇغ ئىش ئارقىلىقلا مەڭگۈ گۈزەل .

*　　　*　　　*

مەن دۇنياغا ئادەملىك جىسمىم بىلەن يارالدىم . هاياتىمنىڭ ھەربىر دەقىقىلىرىنى كىتاب ئوقۇش ، بىلىم ئېلىش بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم . چۈنكى ، كىتاب بەختىم ، ئامىتىم ، تەپەككۇرۇمنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىسى .

*　　　*　　　*

مەن باشقىلارنىڭ خاتالىقىدىن ئۆكۈنمەيمەن ، دۇنيادا ئۆزىنىڭ خاتالىقى ، نادانلىقىنى تونۇمىغان ئادەم ئۆزگىلەر ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن ياردەم قىلىشنى بىلمەيدۇ .

*　　　*　　　*

مەن ئاجىز ، رايىشلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئاسايىشلىق ئىزدەيمەن . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقتىن ئىگىرىشى يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ پاتىدۇ .

*　　　*　　　*

مەن ياخشىلار ئۈچۈن جان بېرىمەن ، ياخشىلار قەلبىدە ، بىر ئۆمۈر يۇلتۇزى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن .

*　　　*　　　*

بۈگۈن مەن ، سىز ۋە باشقىلار ئۈچۈن شۇ قەدەر قىممەتلىك ، بەختنىڭ تاتلىق مىنۇتلىرى قولدىن كەتسىلا

قايتىلانمايدۇ ، چۈنكى بىزنىڭ تۇرمۇش مۇساپىمىزدە بۇگۈندىن پەقەت بىرسىلا بار !

* * *

تۈنۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ خاپىلىقىدا بۇگۈننى يادىدىن چىقىرىپ قويۇش تولىمۇ نادانلىقتۇر .

* * *

ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالىدىغىنى ئەڭ چىرايلىق ماددىي بايلىق بولماستىن ، بەلكى روھىي مۇكەممەللىك ۋە ئەخلاق گۈلىستانىدا پارلىغان نۇرانە يۇلتۇزدۇر .

* * *

مەن تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك قىسمەتلىرىنى گاھ كۈلۈپ ، گاھ يىغلاپ ئۆتكۈزىمەن . بىراق ، ھەربىر دەقىقەمدە شادلىق بىلەن ئازاب سەپەرداش بولۇپ بىللە ياشايدۇ .

* * *

ئۇ مېنى بايلىقىم بىلەنلا شۇقەدەر سۆيىدۇ ، ئەمما يانچۇقۇمنى يوقسۇزلۇق چىرمىۋالغان كۈنلىرى روھىي بايلىقىم ، پاك مۇھەببىتىمنى نەزەرگە ئالماي ، نامەردلەرچە شەرمەندىلىك قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ .

* * *

مېنىڭ سەۋدايىلىقىم پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببەت تەلىپىمنى رەت قىلغانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى تۇرمۇش ھاياتىمدا ئۇچرىغان ئۇشبۇ بەختسىزلىك قايغۇ ـ ھەسرىتى خالاس . قىسقىسى ، ئۇلۇغ تەڭرىم ھەممىگە شاھىت .

*　　*　　*

ئۇ مېنى قەدىرلىگەن بولسا ، مەنمۇ ئۇنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولاتتىم .

*　　*　　*

ئەي ئادەملىكىم ـ ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ . چۈنكى ، سەن ھايۋان قاتارلىق جانلىقلاردىن پەرقلىق بىر ئەقىل ئىگىسى تۇرۇقلۇق ، تۇرمۇشنى دەپ بىر روھتىن ئايرىلغان مەجرۇھ قولىدا ئازابلىنىۋاتىسەن .

*　　*　　*

مەن ئەقلىمنى ھەممىدىن ئەلا بىلدىم . ھايات سەپىرىدە ئېچىرقاش بىلەن مال ـ دۇنيا تالىشىۋاتقان ئاچ كۆز چۈپرەندىلەرگە سەدىقە بېرىپ ، ئۆزۈمنىڭ كۆكسى ـ قارنى توق ھەقىقىي ئادەملىكىمنى ساقلاپ قالدىم .

*　　*　　*

مەن ئادەملىكىمدىن ئۆكۈنمەيمەن . ئۆكۈنىدىغانلار ۋىجدانسىز خۇمسىلار . مەن پەقەت دۇنيادا پاك ۋىجداننى بارلىق

ئەسكىلىككە دو تىكىپ كېرەكسىز بىر مۇناپىققا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن .

*　　　*　　　*

تۇۋا ، دۇنيادا ئۇلۇغ ، چىن سۆيگۈنى بىلمىگەن ھاماقەتلەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

*　　　*　　　*

ئېھ ، سۆيگۈ ، سەن مېنى تاتلىق كۈيۈڭگە تەڭكەش قىلىۋال ، ۋىسالىڭغا تەلمۈرگەن ئوتقاشلىق يۈرىكىمگە شادلىق بەر .

*　　　*　　　*

ئېھ ، ياشلىق ، سەن مېنى گۈلزارلىقىڭدا تاتلىق سۆيۈپ قوي ، يۈرىكىم شوخ ، باللارچە قاقاقلاپ قانغۇچە كۈلۈۋالسۇن .

*　　　*　　　*

تەقدىر ـ سەن مېنى تەنھالىق دەرياسىغا ئىتتىرمە ؛ بۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈمنى چىللايدۇ .

# ئون سۇرئىتىم

## 1

مەن ئادىمىيلىك مۇساپەمدە ئەقلىمنى ئىشلىتىشكە ئامراق . بۇ سەزگۈرلۈكۈمنىڭ زىيادە ئېشىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ، ھېچ بىلمىدىم . بىراق ، بېخىللىقتىن يېمەي - ئىچمەي تاپقان پۇل - پۇچەك ، هارامدىن يىغقان مال - دۇنيالىرىم نېمە سەۋەبتىندۇر بەرىكىتى يوق كۈنسايىن ئازلاشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ .

## 2

مەن شۇنچە غايىلىك بولغىنىم بىلەن پىلان ، تەدبىرگە ئانچە باي ئەمەس ، ئەمما كېچىلىرى كۆرىدىغان شېرىن چۈشلىرىم شۇنچە كۆپ ، نىشانىم يەنىلا پۇل ، مال - دۇنيا ئۈچۈن ئاۋارە ، ئاقىۋىتىم قانداق بولۇركىنتاڭ .

## 3

مەن ھاياتقا ، ھازىرقى نەق پاراغەت تۇرمۇشۇمغا ھەرگىز شۈكۈر - قانائەت قىلمايمەن . بىراق ئۆمرۈم بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، ئۇنى قەدىرلەشكىمۇ پۇل ، بايلىق كېرەكتە .

4

مەن نامراتلىقتىن بەك قورقىمەن . ۋۇجۇدۇمدىكى روھىي ئاچلىق ئاپەتكە ئايلانسا قانداق ياشاش ، قانداق هايات كەچۈرۈش ئىستىكىدە پىتىرايمەن .

5

مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەيمەن ، دىلىمدىن ئىنساب ، دىيانەت ، ۋىجدان ، ئەخلاقنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن .

6

مەن مەدەنىيەتسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ ، مەنىۋى دۇنيادىن ئايرىلىپ قېلىشنى هەرگىز خالىمايمەن .

7

مەن ئۆمۈر بېتىمنى تالاي نەرسىلەرنى يېزىش بىلەن بېزىدىم . بارغانسېرى ئىجادىمنى يېڭىلاندى . گاهى چاغلاردا يازغانلىرىم ماڭا كۈچ ـ مەدەت ، ئىلهام بولدى .

8

مەن باشقىلارنى ئېسىل سۆز ـ ئىبارە ، ئەخلاق نۇقتىسىدىن

ھۆرمەت قىلىمەن . بىراق ، بەزى ھاللاردا دۈشمەنلىرىم مازاق كۈلكىسى بىلەن مەسخىرە قىلىشىدۇ ، بۇمۇ ئۆلارنىڭ تەلۋىلىكىدىن بولسا كېرەك .

## 9

مەن ئۆزۈمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەقىل تېپىش ، ھالالدىن مال-دۇنيا يىغىشقا قاراتتىم . گېزى كەلسە بۇمۇ ئەقىل - پاراستىمنىڭ تۆھپىسىدۇر .

## 10

مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرىمەن . چۈنكى پەرزەنت مېنىڭ ، شۇنداقلا ۋەتەن ، مىللەتنىڭ ئۈمىدى .



# ئەقىدە ئۇلۇغ

1

دۇنيادا ئۆزى قەدىرلەپ سۆيگەن مەشۇقىنىڭ ھەقىقىي سۆيگۈسىگە ئېرىشەلمەسلىك تولىمۇ ئازابلىق ئىش، ئۇنىڭدىنمۇ ئازابلىقى پەقەت ئۆز سۆيگۈسىنى مەڭگۈ ئىزھار قىلالماي ئارماندا قېلىش.

2

دۇنيادا ئۆز مېجەزى بىلەن ئورتاقلىشالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكتىن نېمە پەرقى؟ بۇ ھاياتلار ئۇچۇنمۇ ئېغىر خورلۇق.

3

دۇنيادا ئادەم ئۆزىگە تەۋە ھەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدرىنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ.

4

دۇنيادا سۆلەتكە قىزىقىشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمىقانىلىك. چۈنكى ئۇ بىر سېھىرگەر ئالدامچى.

5

دۇنيادا مەن ئۆز ئەقىدەمنىڭ بۇ دەرىجىدە ئېتىبارسىز قىلىنىشىنى نەدىن بىلەي. ئاھ، ۋاپاسىز دۇنيا، نامەرد سۆيگۈ، سەندىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىمەن.



# شېرىن ئەسلىمە

مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. چۈنكى، ئۇ ياشلىق دەۋرىنىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ گۈزەل، ئۇنتۇشقا بولمايدىغان قايناق ئەسلىمىسى. تۇنجى سۆيگىنىمنىڭ پاك مېھرى بىلەن مەپتۇن قىلغان ئوتلۇق سىماسى ئىدى.

مەن ھازىر ھېچ نەرسىدىن غەم يېمەيمەن. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزەلمەي، سېغىنىش، تەلپۈنۈش ئىچىدە ھىجران ئازابىنى تارتىۋاتىمەن. ماڭا ئۆز سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنى ۋىسالىغا يەتكۈزمەي ئارماندا قويىدىغان بەخت - ئامەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ مېنىڭ يۈرىكىم ھەرگىز باشقىلار ئىشقىدا سوقمايدۇ. مەندە ھەقىقىي مۇھەببەت ۋەسلىگە يېتىش ھەققىدە ئۈمىد - ئىشەنچ بار. ماڭا ھەر ۋاقىت گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك ئىللىق قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن راستىنلا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقىنى، دۇنيادىكى ھەر خىل ئىشلارنىڭ شۇ قەدەر سېھىرلىك، مۇرەككەپلىكىنى مۇشۇ دەقىقىلىرىمدىلا تولۇق چۈشەندىم.

* * *

قەلبىمدە يېلىنجاۋاتقان تاتلىق ھېس - تۇيغۇ ئىرادەمنى كۈنسايىن ئۈمىد نۇرى بىلەن تاۋلاپ، مېنى تۇرمۇشتىكى

چاكىنىلىق ، نامەردلىك پاتقىقىدىن تارتىپ ، ۋۇجۇدۇمنى پاكلىق ، سەمىمىيلىك گۈلشىنىدە ياشارتماقچى .

* * *

مەن ئۆتمۈشۈمنى ئەسلەشتىن تولىمۇ شۈركۈنىمەن . چۈنكى ، تۇرمۇش تاتلىق ھەم سۆيۈملۈك بولغىنى بىلەن ، ئايرىلىش ئازابى ھاياتىمدىكى ئەڭ مۈشكۈل ، ئەڭ شەپقەتسىزلىك بولۇپ ، پۈتكۈل جىسمىمنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلىدۇ .

* * *

شۇنداق ، ئۇ مەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ ئۆلۈمنىڭ زۇلمەتلىك پەردىسى ئىچىدە ئەبەدىي غايىب بولدى .

* * *

بۇ قەلبىمدىكى تۈنجى مۇھەببەت ئوبرازىنىڭ مۇدھىش ئەسلىمىسى . كىشىلىك ھايات مۇساپەمدە ئۇچراتقان يۈرىكىمنىڭ تىترەڭگۈ ، قايغۇ - تىۋىشى ، ھەسرىتىمنىڭ سەۋرسىز قېنىق سىياھى .

* * *

مەن ئۆز ئانامنىڭ ھالال ئوغۇز سۈتى بىلەن چوڭ بولغان ئەقلى پاك ئىنسان بولغىنىم ئۈچۈن ، يۈرىكىم تەڭداشسىز بىر قەلب گۈزەللىكىگە ھەمراھ بولۇش ئىستىكىدە سوقىدۇ .

* * *

دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاچچىق ئەسلىمىلەر قەلب تۆرۇمگە سۇقۇنۇپ كىرىپ ، كۆرۈنمەس زەنجىردەك ھېسلىرىمنى چەكسىز كائىناتقا تارتىپ سەرسان روھقا ئايلاندۇردى .

* * *

مەن شورپېشانە ئەمەس ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ ھەسرەت ئىچىدە ئايرىلىپ ، بەختسىز بولۇپ قالغىنىمدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن . بۇمۇ تەڭرىنىڭ تەڭشىكى ـ دە ؟



# بىلىمنىڭ كارامىتى

بىلىم ـ ئىدىيەنى ، دۇنيانى ئۆزگەرتكۈچى نۇرلۇق ماياك . بىلىمنىڭ كارامىتى شۇقەدەر كۈچلۈككى ، بىر پارچە ئېسىل كىتاب ئىزدەنگۈچىلەر ئەقىل - پاراسىتىنىڭ خەزىنىسى ، دانىشمەنلەرنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى مىراسى ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قانلىق كەچمىشلىرىنىڭ يارقىن خاتىرىسى . دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىر - بىرلەپ قۇرۇپ تۈگەيدۇكى ، بىلىم بۇلاق سۈيىدەك ئەبەدىي ئوقچۇپ تۇرىدۇ . بىلىم بەخت - سائادەت ، ئىززەت - ئابرۇينىڭ مەزمۇت قورغىنى ، ۋىجدان - غۇرۇرنىڭ توزۇماس گۈلدەستىسىدۇر . بىلىم ئىجابىي چۈشىنىش ، ئۇلۇغ بايقاشتۇر . بىلىمسىز ، نادانلىق بولسا ئەڭ چوڭ ھاماقەتلىكتۇر . قىسقىسى ، بىلىم ئەقىل چىرىغىدۇر .

# ئوقۇتقۇچى

ئوقۇتقۇچى - جاپاكەش، سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ئىنسان. قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چولپان. ئۇ بىر تۇز ۇندىلىرى قاپلىغان مۇنبەردە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغۇچى، بىر ئۆمۈر ھاردىم - تالدىم دېمەي بىلىم ئاشناسى بولۇپ ئۆتكۈچى، ئەۋلادلارغا بىلىم بەرگۈچى. ئۇ مەرىپەت ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرگۈچى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەلبلەردە مەڭگۈ ھۆرمەتلىنىدۇ!

ئوقۇتقۇچى - ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، ھاياتنىڭ تەقدىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، تارىخنىڭ ئېنىقلىمىسى، خەلقنىڭ مەدھىيەسى.

ئوقۇتقۇچى - قەلبى زۇمرەتتەك سۈزۈك، ئالتۇندەك ساپ، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان يورۇقلۇق ئەلچىسى.

ئوقۇتقۇچى - ۋۇجۇدى ئىللىقلىق قوچىقىدا بالقىپ تۇرغان مېھرى بۇلاق، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت، مېھربانلىقنىڭ مۇقەددەس مەشئىلى.

ئوقۇتقۇچى - مۇنبەردىكى كۆيۈمچان ئۇستاز، تەلىم - تەربىيە نەمۇنىسى، ئەخلاق - پەزىلەت ئۈلگىسى، ئالىي شان-شەرەپ ئىگىسى.

ئوقۇتقۇچى - كۆڭۈل قەسرىدە نۇر چېچىپ، نادانلىق

تۇمانلىرىنى يىمىرىپ تاشلىغۇچى ، بور - قەلەم ، كىتابي بىلىمنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئەلا بىلگۈچى باھادىر ئىنساندۇر . ئەقىل-پاراسەت ، كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر .

ئوقۇتقۇچى - مەرىپەت مۇنبىرىدىن ئىبارەت ھۆرمەت تەختىدە نامسىز تەر تۆكۈۋاتقان بۈيۈك باغۋەندۇر .



# ۋاقىت، غايە، گېزىت، تىنچلىق

## ۋاقىت

ۋاقىت تىرىشچانلارغا قىممەتلىك گۆھەر ھېسابلانسا، ئىرادىسىز، روھىي دۇنياسى زەئىپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ئىدادۇر.

ۋاقىت ھاياتقا، بىلىمگە، تەرەققىياتقا سېلىنىدىغان ئەڭ زور مەبلەغ، ئارزۇ - ئارمانلارنى ۋىسال تاپتۇرىدىغان بۇلاق.

## غايە

غايە - ئۇلۇغ مەنزىلدىكى نۇرلۇق چىراغ.

غايە - مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى. غايىسىز ئادەم خۇددى مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ. مېۋىسىز دەرەخ ئوچاققا تۇتۇرۇق بولغىنىغا ئوخشاش، غايىسىز ئادەممۇ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قەدىرسىز ياشايدۇ.

## گېزىت

گېزىت - پارتىيەنىڭ تىلى، ئۈچۈر كۆزنىكى، تۈگىمەس بايلىق مەنبەسى.

گېزىت - ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ئۇستازى.

گېزىت - بىلىم خەزىنىسى، ئەقىل - پاراسەت بۇلىقى.

گېزىت يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مەنىۋى ئوزۇق ، نەۋ باھاردىكى خۇش پۇراق گۈل ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان نامسىز قەھرىمان ، ئاۋازسىز يېتەكچى .

## تىنچلىق

تىنچلىق - بەختىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى ، ئۇ ئىنسانلار قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يىلتىز تارتقان شادلىق دەرىخى . چىن دوستلۇق مەنزىلىدە پارلىغان قۇياش ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ جۇلاسىدۇر .

تىنچلىق شاد - خۇراملىق ، بەخت - سائادەتنى تەۋەللۇت قىلغۇچى ، بارلىق ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ ، پەقەت تىنچلىق بىلەنلا ئالەم گۈزەللىككە چۆمىدۇ ، ئادەملەر مېھىر - مۇھەببەتكە قانىدۇ .



# كىتاب

1

كىتاب ـ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش ، ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەرگۈچى ، نادانلىق ، خۇراپاتلىق ، قالاقلىق ، نامراتلىقنى ئۆزگەرتكۈچى ، مەدەنىيەت ، ئەخلاق ساپاسى ، تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرگۈچى مەنۋى قورالدۇر .

2

كىتاب ـ ئىلىم ـ ئىرپان خەزىنىسى ، چەكسىز بىلىم بۇلىقى ، ئۆگەنگۈچىلەرگە يېڭى ئىدىيە ، يېڭى قاراش ، يېڭى ئۇچۇر تارقاتقۇچى باتۇر ، ساداقەتمەن خالىس ئۇستازدۇر .

3

كىتاب ـ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ، نۇر كامالىتى ، ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ، زىنىنەت تەكچىسى ، زەپەر بىلەيچىسى ، مەڭگۈلۈك دوستى ، مەڭگۈلۈك ئاشناسىدۇر .

4

ئېھ ، سۆيۈملۈك كىتاب ، خىسلىتىڭ توغرۇلۇق قىلىمەن

خىتاب ، سېنىڭدىن ئايرىلسام بولىمەن بىتاپ ، ئاۋازسىز سۆزلۈك ، مەپتۇنكار نۇرانە كۆزلۈك ، ئۇلۇغلۇق تەختىدە ماڭا بېقىپ ، ئەقىل بۇلىقىمنى ئېچىپ ، مەنىۋىيىتىمنى بېيىتىپ ، غەيۋەت - شىكايەتتىن يىراق ، قەلبىمگە مەشئەل چىراغ يېقىپ ، جاپالىق شارائىتلاردىمۇ توختىماي بىلىم ئۆگىتىپ ، ۋۇجۇدۇمدىكى نادانلىقنى تۈگىتىپ ، ئىرادەمنى ئۈمىد - ئىشەنچ ، غايە بىلەن چىڭىتىپ ، ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، ئەدەپ قائىدىلىك ، پەزىلەتلىك ، تىرىشچان بولۇشۇمغا ئاساس سېلىپ بەرگەن ئەڭ يېقىن ، ئەڭ مېھرىبان سىردىشىم سەن .

5

ئېھ ، سۆيۈملۈك كىتاب ، كۆركەم ، مەزمۇنغا باي ھەربىر بېتىڭ ، ئۈنچە - مارجاندەك تىزىلغان چىرايلىق خېتىڭ ، ھەربىر بۆلۈك ، ھەربىر ئابزاس خۇددى تىزىق - تىزىق مارجانغا ئوخشاش جۇلالاپ ، ئېسىل ھېكمەتلىرىڭ بىلىم ئىشتىياقىمنى قوزغايدۇ .

6

ئېھ ، سۆيۈملۈك كىتاب ، سەن ئۈنىۋېرسال بىلىم خەزىنىسى ، ئىنسان روھىنى پاكلىغۇچى ، قەلبنى زىننەتلىگۈچى ، ھاياتلىققا ئەڭ يېڭى مەنىلەرنى قوشقۇچى ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى مەنىۋى تۈۋرۈك .

7

ئېھ ، سۆيۈملۈك كىتاب ، سەن مېنىڭ پەخرىم ، ئادىمىيلىك ، كەڭ قورساقلىق ، ئاق كۆڭۈللۈك ، كەمتەر ،

سالماقلىقنى ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگىنىش روھىنى تەقدىم قىلغان مېھرىبان ئۇستازسەن .

8

ئېھ ، سۆيۈملۈك كىتاب ، سەن ماڭا شۇقەدەر قەدىرلىك پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالىمى ، دۆلەت رەھبەرلىرى ، شائىـــر ، يازغۇچى ، ئوقۇتقۇچى ، پەيلاسوپ ، پــروفېسسورلارمۇ سەندىن تەلىم ئېلىپ ئۆز دەۋرى ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىدا زور ئۇتۇق قازانغان . رەئىس ماۋ زېدۇڭمۇ كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ ، مەيلى ئۇرۇش يىللاردا بولسۇن ياكى كېسەل بولۇپ قالغان يىللاردا بولسۇن ، قولىدىن كىتاب چۈشۈرمەي ، ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا پۈتۈن بەدىنىگە كۆزىتىش ئەسۋابى ۋە جىـــددىي قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىسى چاپلانغان شارائىتتىمۇ كىتاب ئوقۇشنــــى زادىلا توختاتمىغان . بۇ بىر خىل بىلىمگە بولغان قىزىقىش ، ئەڭ كۈچلۈك ئىرادىنىڭ مەسئۇلى .

9

ئېھ ، سۆيۈملۈك كىتاب ، سەن چەكسىز بىلىم بۇلىقى ، جاھاننامە ئەينىكى ، ئىنسانىيەتنى تەرەققىــياتقا يېتەكلەيدىغان مەزمۇت شوتا ، مەڭگۈ قەسىردىكى بىباھا گۆھەر .

# تۈركىي تىللار دىۋانى

## 1

تۈركىي تىللار دىۋانى ـ ئۇ بىر بۈيۈك قامۇس ، ئىلمىي كىلاسسىك ئەسەر ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت .

## 2

تۈركىي تىللار دىۋانى ـ ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجى ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مىراس .

## 3

تۈركىي تىللار دىۋانى ـ ئۇ ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنىڭ كىتابىي قورالى ، مۇكەممەل بىر لۇغەت ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۆۋرۈكى .

## 4

تۈركىي تىللار دىۋانى ـ ئۇ ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە ،

مەزمۇنى مول داستان، كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيەگە دائىر مەلۇمات ئامبىرى.

5

تۈركىي تىللار دىۋانى - ئۇ دۇنيا تىلشۇناسلىقىدىكى يىقىلماس ئۇلۇغ ئابىدە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەجىر مېۋىسى، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۆجىزىلەرنىڭ سەردارى.

6

تۈركىي تىللار دىۋانى - ئۇ ئۇيغۇر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مەنىۋى بايلىق، دۇنيا سېلىشتۇرما شۇناسلىقىنىڭ باشلامچىسى، تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئۇل تېشى.

# سەنئەت

ئېھ ، سەنئەت ! سەن مەنىۋىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ، گۈل تاجى ، كۆڭۈللەرنىڭ مەپتۇنكار خۇشاللىق ئارامگاھى ، دىل قەسرىنىڭ ئاشىقى ، ھۇزۇرى ، مۇڭلانغان يۈرەكنىڭ شىپالىق ئوزۇقى ، پاك قەلبلەرنىڭ جۇلالىق ، خۇش پۇراق ئەنبىرى ، ياخشىلىقنى مەدھىيەلەپ ، يامانلىق بىلەن ئەبەدىي كۆرەش قىلىدىغان ھەققانىيەتنىڭ ئۆتكۈر خەنجىرى . ئۆمۈر ۋە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئېسىل تارىخىي تەسۋىرى . كۆكتە چاقنىغان ئەختىرى .

ئېھ، سەنئەت ! سەن گۈزەللىكنىڭ ئانىسى ، ئەقىل - ئىدراك ، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ گۈل باغچىسى ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇنياۋى سەھنىلەردە ياڭرىغان جاراڭلىق كۈي سازى ، ئۇسسۇل - سامانىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە مەشھۇر جەزبىدار ، چىرايلىق گۈل لالىسى .

ئېھ، سەنئەت ! سەن سەنئەتخۇمار ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاياتى ، پەخرى ، ئىپتىخارى ، سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ تىلتۇمارى .

# شائىر

شائىر ـ زاماننىڭ ئەركىسى . ئۇ كەڭ زامان ۋە ماكاندا خالىغانچە چېپىپ يۈرىدىغان بەيگە تۇلپىرى ، ھوشيار ، زېرەكلىكى بىلەن زاماننىڭ تومۇرىنى سەزگۈچى ، تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى كۆزەتكۈچى ، ئەڭ باتۇر قىياپىتى ۋە ئەڭ چىرايلىق مېلودىيەسى بىلەن يېڭى زاماننى كۈيلىگۈچى . تىل ـ دىل قەسرىدىن پاساھەت تامچىلىرىنى تۆككۈچى مېھىر بۇلىقى ، ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى ئىنسان ئۇلۇغى . خۇشناۋا بۇلبۇلدەك ئالەمنى ؛ ئادەمنى غەپلەتتىن ئويغاتقۇچى ، ئاق ـ قارىنى بىلدۈرگۈچى خۇش ناۋا بۇلبۇل .



# ناخشا

ناخشا ـ قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ ، ھاياتقا جۇشقۇنلۇق ، كۆڭۈلگە شادلىق ، قەلبكە گۈزەللىك بېغىشلايدىغان روھىي ئازادلىك سىگنالى .

ناخشا ـ ھاياتلىق سىمفونىيەسى بالقىپ تۇرغان مەنىۋى بۇلاق ، دىل ئارامىغا ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان ئەڭ شېرىن ، ئەڭ يېقىملىق شېئىرىي ھېسسىيات دولقۇنى .

ناخشا ـ خاسلىق ، جەلپكارلىقى ئەڭ كۈچلۈك ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدىغان ياڭراق كۈي .

ناخشا ـ ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىيات ئالىمىدە چاقنىغان يۇلتۇز ، سەنئەتكارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئانىسى .



# مۇقام

مۇقام ـ ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، مەنىۋى دۇنياسى، بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ زىننەتلەنگەن كىرىستالى. ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق چەشمىسى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۇستازلىرىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس تۇتاشتۇرىدىغان، يېتىشتۇرىدىغان تارىخىي كارىدور، ئىجادىي ئىقتىدارنى سىنايدىغان، تاۋلايدىغان ۋە تولۇق نامايان قىلىدىغان رەڭدار تېز سۇرەت. دۇنياغا مەشھۇر چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى. مىللەتنىڭ ئېسىل شان ـ شەرىپى، پەخرى. شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر. تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق، ئۆز قىممىتىنى مەڭگۇ يوقاتمايدىغان ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۇل تاجى، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بۇيۇك قامۇسى.

# مەشرەپ

مەشرەپ ـ ئۇ خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، بېيىت ، ئېيتىشىش ، ئەلنەغمە ، قىزىقچىلىق سەنئەت تۈرلىرى ۋە كۆپ خىل ئويۇن شەكىللىرى بىرگەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر .

مەشرەپ ـ ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال مەزگىللىرى ، توي ـ تۆكۈن ، نورۇز بايرىمىغا ئوخشاش قۇتلۇق مىللىي يىغىلىشلاردا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان خاسىيەتلىك مەنىۋىيەت سورۇنىدۇر .

مەشرەپ ـ ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ، خەلق سەنئىتىنى ئىجادىي بېيىتىدىغان ، سەنئەتكارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە جامائەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ياخشى ئەنئەنىلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، خۇش چاقچاق ، سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل ئارامىغا ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان مول رەڭدارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەنىۋى ئەڭگۈشتەردۇر .

مەشرەپ ـ ئۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ يىلتىزى ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە قەدىرلىنىپ كېلىنىۋاتقان مەزمۇت تۈۋرۈكى . ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بۆلىقى . مەردلىك ، باتۇرلۇق ، شەرم ـ ھايا ، گۈزەل ئەخلاق قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ يالقۇنلۇق ئوچىقىدۇر .

مەشرەپ ـ ئۇ ئاۋامنىڭ خۇشلۇق ناۋاسى ، مۇڭلانغان يۈرەكنىڭ ئاراملىق ساداسى . نازۇك كۆڭۈللەرنىڭ داۋاسى ، ئارمانلىق دىللارنىڭ ئوت لاۋاسىدۇر .

# ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق ـ ئۇ خۇددى بىباھا گۆھەر ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە قەلب گۈزەللىكى بولۇپ ، ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ .

ئادەمنىڭ رەڭگى - رۇخسارى ، تەق - تۇرقى يەپ - ئىچىش بىلەن ئەمەس ، بەلكى ھالال قان - تەرى ، ساپ ۋىجدان ئەقىدىسى ، غۇرۇرى بىلەن يورۇق بولىدۇ .

* * *

ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش تولىمۇ ئالىيجاناب ئۇلۇغ ئىش .

* * *

ئادەم ئۇچۇن ئەمەل تەختىدە كۆرەڭلەپ ، غادىيىپ ئولتۇرۇش ، كۆرەڭلەپ يۇرۇشتىن ئارتۇق نۇقسان ، نومۇس بولمىسا كېرەك .

* * *

ئەي قىز ، سەن ئۇستىبېشىڭنى زىبۇ - زىننەت بىلەن چىرايلىق بېزىمەي ، قەلبىڭنى ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن بېزە .

*        *        *

دوستۇم ، ئاممىۋى سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ گېپىنــى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا ، گېپى تۈگىمىگۈچە گېپىگە لوقما سالما .

*        *        *

ئەگەر سەن ئىززەت تاپاي دېسەڭ ، كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق بول .

*        *        *

باشقىلار سېنى ھۆرمەتلەپ بىر تال غۇنچە سۇنسا ، سەن ئۇنىڭغا دەستىلەپ گۈل تۇت .



# شەرم - ھايا

شەرم - ھايا - ئادىمىيلىك، گۈزەل ئەخلاق، ۋىجدان - غۇرۇر، ئىپپەت - نومۇس بەلگىسى، ئېسىل پەزىلەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەرى، ئىنسانلىق قەسرىنى چىرايلىق بېزىگەن پاك - دىيانەت لىباسى. مېھىر - مۇھەببەت، ئەقىل - پاراسەت، سۆيگۈ - ساداقەت، ئەدەپ - قائىدە، ۋاپادارلىق دۇنياسىنىڭ خۇش پۇراق باغچىسىدۇر.

شەرم - ھايا - كىشىلىك تۇرمۇش، ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئىناقلىق تۈۋرۈكى، شاد - خۇرام، بەخت - ئامەت دېڭىزىنىڭ كۆۋرۈكى، ئادەملەرئارا ئىمان، پەردىشەپ، تارتىنىش، ھۆرمەت - ئېھتىرام، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت بوستانىنىڭ ئوتقاشلىق يۈرىكىدۇر.

شەرم - ھايا - ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ جېنى، ھاياتلىق دەرياسىنىڭ دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان قېنى، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى - تاشقى گۈزەللىكى بىلەن نۇرلانغان تاڭ سەھەر شەپىقىدۇر.

## پاكلىق جىلۋىسى

مەن پاك مۇھەببىتىم ئۈچۈن، سۆيۈملۈك دىلرەبايىم قۇچىقىدا ئەبەدىي جان بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ۋە رازى.

*　　*　　*

ۋىجدان - غۇرۇر قەلبىمنىڭ مۇستەھكەم پولات قورغىنى، ۋاپادار، ئاشىقلىقىم بىلەن دىلرەبا يار ۋەسلىگە يېتىش ئۆمۈرلۈك ئارزۇ، بەختىمدۇر.

*　　*　　*

شادلىق ئۈچۈن ھىجران ئازابى تارتىش كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشۇمنىڭ شېرىن مۇقەددىمىسىدۇر.

*　　*　　*

ئاشىقلىق - بىر يېقىملىق مېلودىيە، قەلب كۆركى، چىن سۆيگۈ قەسرىنىڭ مەزمۇت تۈۋرۈكى.

*　　*　　*

چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى

ھەرگىز قايتۇرۇۋالغىلى بولماس . ئۇ بىر سۆيگۈ ئەلبومى ، كۆڭۈل خاتىرىسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ تاتلىق شېرىن ئەسلىمە .

*　　　*　　　*

مەن ھاياتىمدا ئەركەكلەرگە خاس ياشاش يولىنى تاللىدىم . چۈنكى ، ئۆمرۈمدە ئەركەك دېگەن نامنى تومۇرۇمدىكى ساپ قېنىمدەك ئەزىز بىلىمەن .

*　　　*　　　*

مەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمنى ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئەمەس ، پەخىرلىنىش تۇيغۇم ئىچىدە ئەسلەيمەن . چۈنكى ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەل خىسلىتى بار .

*　　　*　　　*

مەن ئاجىزلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشنى ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ يۈكسەك تاللىشىم دەپ ھېس قىلىمەن .

*　　　*　　　*

ئادەمنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ ئۇنتۇلمايدىغىنى ياشلىق چېغىدىكى تۇنجى سۆيگۈ . بۇ تاتلىق ھېسلار ئادەمنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ . ئاشۇ ھەربىر قۇتلۇق مىنۇتلار ئادەمنىڭ ھايات سەھىپىسىدە مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ .

# هۆرمەت

هۆرمەت ـ ئۇ قەلبنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى ، ئادىمىيلىكنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى ، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ چىن مەنىسىدۇر .

هۆرمەت ـ ئۇ ھاياتلىقنىڭ يىمىرىلمەس ئابىدىسى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ كۈچلۈك نامايەندىسىدۇر .

هۆرمەت ـ ئۇ بىر خىل بىلىم ، ئاقىلانە ، ئىقتىدار دەستۇرى ، ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن ئەڭ يۇقىرى ئىنئامىدۇر .

هۆرمەت ـ ئۇ ئەڭ كۈچلۈك روھىي ئىلھام ۋە ئېتىقاد ئۆلچىمىدۇر .



# ئادەم بولماق تەس

1

ئادەمدە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان قەتئىي ئىرادە، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھ بولغاندىلا كۆزلىگەن نىشان - مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

2

دۇنيادا باي - كەمبەغەللىك ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئەمەس. تىرىشچانلىق ۋە ئەقىل - پاراسەت ئادەمگە ئەجىردىن بەرىكەت ياغدۇرۇپ، ئۇنى پۇللۇق ھەم يۈزلۈك قىلىدۇ.

3

دۇنيادا ئەمەلدار بولۇشتىن ئاۋۋال ئادەم بولۇش تولىمۇ قىيىن ئىش. چۈنكى، ئادىمىيلىكنىڭ مەنزىلى ئەمەلدارلىقتىن ئۇزاق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ياقلايدىغىنىمۇ، ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە ئەمەلدارلىقتۇر.

4

دۇنيا پاك سۆيگۈ بىلەن گۈزەل ، خۇشامەتچىلىك بىلەن جان بېقىش ئەڭ رەزىل ، ئەڭ ئىپلاس قەلبتە ئاپىرىدە بولغان خەتەرلىك ۋىرۇستۇر .

5

مەنسەپ تەختىگە دەۋران سۈرۈۋاتقىنىڭدا ئۆز مۇددىئاسى ئۈچۈن خۇشامەت بىلەن تاپىنىڭنى ئەڭ سىلىق يالىغانلار ، سەندىن نەپ چىقمىغان چاغلاردا غالجىر ئىتتەك ئەڭ قاتتىق چىشلەيدۇ .

6

خۇشامەتچىنىڭ چىشى يوق ، ئاغزى يۇمشاق ، ئۇ ئەڭ قاتتىق نەرسىنىمۇ تۈيدۈرماي غاجاپ يۇمشىتالايدۇ .

7

ئىنسان ئەسلىدىنلا ئازغۇچى بولۇپ ، ھايات مۇساپىسىدە بىر قېتىم ئازسا يۈرىكىگە بىر قېتىم داغ چۈشىدۇ . ئەمما ، يېڭىباشتىن ساۋاق ۋە بىر ئەقىلگە ئېرىشىدۇ . لېكىن ، يۈرەككە چۈشكەن داغنى ئەبەدىي يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ .

8

ئىنسان قىممىتى - ئىنسانىنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارى ۋە

ئىجتىمائىي تۆھپىسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ . چۈنكى ، ئىجادىي ئىقتىدار بىلەن تەلەپ قىلىدىغان ئىشىر ئەمگەكتۇر .

9

ئىنسان ماھىيىتى رېئاللىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولۇپ ، ئۇ ھامان روھنى داۋاملىشىشقا مەجبۇرلايدۇ .

10

ئادەم ئۆزىدىن ئەمەس ، باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ، نەتىجىسىدىن پەخىرلەنگەندىلا ، ئۆز قىممىتى ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ .

11

ئادەم ئىرادىدىن ئايرىلسا خۇنۇكلىشىدۇ . چۈنكى ، ئىرادە ھايات دەرىخىنىڭ يىلتىزى ، تىرىشچانلىق غولى ، ئۈمىدۋارلىق يوپۇرمىقى ، خۇشاللىق چېچىكى ، شېرىن مېۋىسى .



# بۇ تەلۋىلىك ئەمەس

1

ئاھ ، شەيتان قىزلار ، سىلەر پەقەت يۈرەكنى رام قىلىدىغان ناز - كەرەشمەڭلار ، ئەركە لاتاپىتىڭلار ، يارىشىملىق كۆلكە - خۇلقۇڭلار بولغىنى ئۈچۈن گۈزەل ۋە قەدىرلىك .

2

ئاھ ، شەيتان قىزلار ، سىلەر بىز ئەرلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز . قەلبىمىزگە خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى ئىپتىخارىمىز ، بەختىمىز ھەم تەختىمىز .

3

ئاھ ، شەيتان قىزلار ، سىلەر راستىن يۈرەك ئوغرىسى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ، نازلىق كۈلكە - تەبەسسۇمىڭلار ئەقلىمىزنى لال قىلىپ بىھوشلاندۇرىدۇ ، تېخى كېچە - كۈندۈز ئىشىق - پىراقىڭلاردا قىيناپ ئۆزۈڭلارغا تەلمۈرتۈپ ، مال - دۇنيا ۋە ھاياتىمىزدىنمۇ تەزدۈرىسىلەر .

4

ئەي ئاق كۆڭۈل ئەركەكلىرىم ! سىلەر خاتالاشتىڭلار ، بىز

يۈرەك ئوغرىسى ئەمەس، بىز ھەقىقىي ئەركەكلەرنى ۋىجدان - غۇرۇر بەيگىسىدە سىناپ، ئۆزىمىزگە مۇناسىپلىرىنى پاك سۆيگۈ دۇنياسىغا ئىنتىلدۇرگۈچى.

5

ياھ، بۇ سۆزلەردىن ھاياجىنىم قانائەتلىنىۋاتىدۇ. ھەي بەختىياش يۈرىكىم، سەن ئالدىرىماي جىم تۇر، نېمىگە شۇنچە جىددىيلىشىسەن؟ تەمكىنلىك بىلەن ئۆزۈڭنى بېسىۋالساڭ ئىنتىلگەن ھەقىقىي مۇھەببەت ۋەسلىگە يېتەلەيسەن.

6

ھايات مەن ئۈچۈن ئاجايىپ گۈزەل، سۆيۈملۈك، پۈتكۈل دۇنيا ۋە ھەممە نەرسە تېخىمۇ مېھرىلىك.

7

ئايرىلىشنىڭ قاباھەتلىك مىنۇتلىرىدا كۆزلەردە لىق ياش، قەلبلەردە مۇڭ - ھەسرەت، يۈرەكلەردە زار - زار ئىدا كۈچلۈك نالە قىلماقتا.

8

دۇنيادا ئۈندىمەس ئادەم گويا جىم تۇرغان تامغا ئوخشاش ھەرىكەتتىن قالىدۇ.

# سىگنال

1

ھوقۇق - ئىمتىياز دېگەنلەر ۋاقىتلىق ئامەت، چۈنكى غادايغانسېرى سەتلىشىدىكەن قامەت. ۋىجدان - غۇرۇر ئىنسانلىق قېلىپى، دوست - بۇرادەر ۋە ھەممە ئادەم ئاغزىدىمۇ شۇنىڭ گېپى.

2

ئەتراپىڭدا ھېجىيىپ، ئۆچۈرۈپ ماختىغانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا دوست بولۇشى ناتايىن. پەقەت مەلۇم مەقسەت - مۇددىئا بىلەن مۇشۇ چىرايلىق زىياپەت شىرەسىدە خۇشامەتگۇيلۇق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، سېنىڭدىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى ئىزدەۋاتقان بىر توپ سۆڭەك غاجايدىغان لالما ئىتلاردۇر.

3

مانا ھەممىنى بىلدىم، بۇ چىن دوستلۇق سورۇنى ئەمەس، بۇ خۇشامەتچى، تەخسىكەشلەر توپلىشىپ غەيۋەت - شىكايەت بىلەن ياخشىلارغا ئورا كولايدىغان ئىپلاسلىق ئۇۋىسى.

4

بۇ ئۆزئارا كاللا سوقۇشتۇرۇپ ، قۇتراتقۇلۇق قىلىش بىلەن زىددىيەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ خەتەرلىك مەسىلىھەت سورۇنى .

5

توۋا ، مەن ئۇنى دانا ، بىلىملىك رەھبىرىم دەپ ماختاپ يۈرسەم ، ئۇنىڭ مېنى تىللاپ بىر توپ چىلبۆرىگە ئولجا قىلىپ بەرگىنى نېمىسى .

6

پۇرسەت غەنىيمەت ، تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كەلگەندەك ، ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇسىمۇ كۆپىنچە پۇرسەت كەتكەن چاغلاردا پىشىپ مۇكەممەللىشىدۇ . چۈنكى ، ئادەم ئۆزىنى قانچىكى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا ، ھايات مۇساپىسىدە كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلەيدۇ .

7

ئازاب - ئوقۇبەتكە چىداپ ياشاش قەيسەر ، باتۇر قەھرىمانلىقنىڭ بەلگىسى . ئىرادىلىك ، شۈكۈر - قانائەتمەنلىكنىڭ غەلىبىسى .

8

كىشىلىك ھايات يوللىرى تولىمۇ ئېگىز - پەس بولغانلىقى

ئۈچۈنمىكىن ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە ، ياشىشى ھېكمەت ، ۋاپاتى ئىبرەتتۇر .

9

ھاياتلىق مۇساپىسىدە ۋىجداننى ئاساس ، ئەقىلنى شەرت قىلىپ ياشاش بىر دانالىقتۇر .

10

ئەخلاق ھاياتلىق سەپىرىمىزنىڭ يول بەلگىسى ، شۇڭا ئەقلىي سۆز ئەقىلنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ، قەلبىنىڭ نەقىشى ، يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتىدۇر .



# كۆڭۈل تىۋىشلىرى

كۆڭۈل دېگەننى ھەرگىز باغلاپ قويغىلى بولمايدىكەن . ياشلىق چاغلارغۇ مەيلى ، ياش 40 تىن ئاشقاندىمۇ ، ئىشقى ھەۋەس ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كۆيۈپ ، سۆيۈپ قېلىشنىڭ ئۆزىمۇ يۈرەكنى يېڭىباشتىن ياشارتىدىغان ئاجايىپ بىر ئىشكەن .

توۋا قىلدىم ، بىراق توۋا قىلغانغا كۆڭۈل جاھىللىق ئىلكىدە ئۇنىمايدىكەن . شۇنداق ، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن قىز-چوكانلارنى كۆندۈرۈپ ئىندەككە كەلتۈرۈشكىمۇ ماھارەت كېرەك .

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل قەسرىمدىكى سۆيگۈ ئوتى ئۇلغىيىپ ، مۇھەببەتكە بولغان قىزغىنلىق توختاۋسىز مەنزىللەرگە باشلاپ كىردى . گۈزەل ئارزۇ-ئىستەك ، ئوي-خىيالىم بۆلۈندى ، قولۇم ئىشقا بارماي ، سەۋدايىلىق ئىسكەنجىسىگە ئالدى . مەن تىنچ ، خاتىرجەم ياشاشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم . مانا ھازىر بۇ ئۇلۇغۋار غايىلىرىم پۈتۈنلەي سۇ يۈزىدىكى كۆپۈككە ئايلاندى . «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ ، كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ ، سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ» دېگەن ھەقىقەت كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتتى . «قېرىغاندا قېرى تاتۇق ، قىلىقلىرى ئۇندىن ئارتۇق» دېگەندەك ، تولىمۇ مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدىم ، پۇتۇمغا تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك قەدەملىرىمنى يۆتكىيەلمەيۋاتىمەن .

# نەسىھەتنامە

## 1

دوستۇم ، ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئەل سۆيەر يىگىت بولساڭ ، ۋىجدان ، غۇرۇرۇڭ بىلەن ياشاشنى ھەممىدىن ئەلا بىل . ئەجىرسىز نېسىۋىگە كۆز قىزارتقۇچى بولما . چۈنكى ، سېنىڭ يەتتە ئەزايىڭ ساق ، نېسىۋەڭنى ھالال ئەمگىكىڭدىن تاپ . ئەل غېمى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىڭدىن كەچ ، بىراۋنىڭ قەلبىنى شاپائەت گۈلى ئارقىلىق كۈلدۈر .

## 2

دوستۇم ، ئەمەل تاجىڭنى چوڭ بىلمە ، چۈنكى ئۇ خەلق سېنى سىناش ئۈچۈن بەرگەن ۋاقىتلىق ئىمتىياز بولۇپ ، ھەرگىزمۇ بېشىڭغا تاقاپ قويۇلغان ئۆمۈرلۈك بەخت تاجى ئەمەس . شۇڭا ئەلنىڭ ساداقەتمەن چاكىرى بولۇپ ، ئاۋامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلا . شۇندىلا ئۆمۈرلۈك ھۆرمەت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسەن .

## 3

ئەمەل خۇددى پىلىلدە چىقىپ ئۆچكەن ئاپتاپقا ئوخشاش قولدىن - قولغا ئۆتۈپ شادلىق بىلەن ئەلەمگە ھامىلە بولىدۇ .

## 4

دوستۇم ، ھايات مۇساپەڭدە ئادەمدەك ياشاپ ، ئەقىل - ئىدراك ۋە ئەجرىڭگە تايان ، بىراۋنىڭ كۆزىگە بىچارىلەرچە تەلمۈرمە . ھۆررۇنلۇق ، تەييارغا ھەييار بولۇش ئىستىكىدە تەلمۈرۈپ يۈرۈش دۇنيادىكى ئەڭ ئىپلاس دىۋانىلىق .

## 5

دوستۇم ، خۇشامەتچى بولما ، چۈنكى خۇشامەتچىلىك ئادەملىك قەدىر - قىممىتىڭنى يوقىتىدۇ ، غۇرۇرۇڭدىن ئايرىيدۇ .

## 6

دوستۇم ، دوستۇڭغا خىيانەت قىلما ، دوستىغا سادىق بولۇش ئەڭ ئىسىل پەزىلەت . دوستىغا ساتقۇنلۇق ، ئاسىيلىق ، مۇناپىقلىق قىلىش بىلەن كىممۇ گۈللىگەن ۋە ئىززەت - ئابرۇي تاپقان .



# ئۆمۈر مەنزىللىرى

ئۆمۈر ھاياتلىق دېمەكتۇر، ئۇ قەتئىي ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ ئەجىر - تۆھپىسىدىكى خورىماس بايلىقتەك خۇشاللىق ئۈچۈن مەڭگۈگە نىجاتلىق يۇلتۇزى بولۇپ چاقنىيالايدۇ. چۈنكى، ئۆمۈر پاسىبان ئانا تۇپراقتىكى ھەربىر ئادەمنى ئاجايىپ روھ بىلەن ياشارتىپ، روھ بىلەن ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتىدۇ.

ئۆمۈر - كىشىلىك ئېتىقادىنىڭ بىر پارچىسى، ئۇ قەلبى پاك، سەمىمىي، غايىلىك ئادەملەر بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىچە خاس گۈزەل سىمفونىيەسىنى يارىتالايدۇ.

ئۆمۈر ئىشەنچ كەمىرىنى باغلاپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئەزىمەتلەر ئۈچۈن بەكمۇ مەنىلىكتۇر.



# ھايات ئۇچقۇنلىرى

ھايات تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئىقىن . ئۇ شۇ قەدەر جۇشقۇن ، شاۋقۇنلۇقكى ، ئۇنىڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن ھاياتلىق ئالىمى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدۇ .

ھاياتلىق خۇددى جەڭگاھقا ئوخشايدۇ ، بۇ جەڭگاھتا مەرد - مەردانىلەرنىڭ قان تۆكۈشى بەدىلىگە ھاياتلىق ئالىمىنىڭ يېمىرىلمەس غەلىبە قۇببىسى تىكلىنىدۇ .

ھاياتلىق ئالىمى خۇددى ئەلگەككە ئوخشايدۇ ، ئۇ ياخشى بىلەن يامانىنى ، مەرد بىلەن نامەردنى ئايرىيدۇ .

ھاياتلىق ئالىمى ئادەملەر ئالدىغا تاشلانغان بىر پارچە ئاق دەپتەر ، ئۇنى ئەجىر ، مېھنەت بىلەن تولدۇرۇش ياكى ئاق قويۇش ئادەملەرنىڭ بۇرچ ئىگىغا باغلىق ئىش .

*　　*　　*

ھايات ! كاتتا بىساتلارنى بەرپا قىلغۇچى خىش - كېسەك ، شىددەتلىك ئىقىندا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەۋاتقان قولۋاقنىڭ پالىقى ، جاپالىق ئىزدىنىش بەدىلىگە يۇقىرى ئۆرلەش ئۇچۇن تىكلەنگەن مەزمۇت شوتا .

*　　*　　*

ھايات ! ئۇ تەپەككۇر ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇپ ، تەسەۋۋۇر خىياللىرىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ ، جاسارەت ، ئىرادە ، چىدامچانلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ ، بارلىق مۇشكۇلاتلارنى

يەڭگۈچى سېھرىي كۈچ .

ھايات ! كىشىگە ئۈمىد ـ ئىشەنچ ۋە جاسارەت بېغىشلىغۇچى ماياك ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى .

* * *

ھايات ! توختىماي ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا .

* * *

ھايات ! خىلمۇخىل تۇرمۇش قىسسەلىرى بىلەن تولغان قېلىن كىتاب .

* * *

ھايات ـ ئىنسانلارغا بىرلا قېتىم كېلىدىغان ئامەت . ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ـ ئۆزى تەربىيەلىمىسە ، قەدىرلىمىسە ، نادانلىق ، قالاقلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ بىر دۆۋە كېرەكسىز ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ .

* * *

ھايات يولى ئەگرى ـ توقاي خەتەرلىك داۋان ، ئۈمىد چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن ، ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلگەنلەرگە گۈزەل مەنزىلگاھتىن ئورۇن بېرىدۇ .

* * *

ھايات سىرلىق بىر تېپىشماق ، ياشاشنىڭ ئۆزى بولسا بىر خىل مۇرەككەپ كۈرەش . ھاياتنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ، ئەڭ

سۆيۈملۈك يېرى شۇكى، ئۇ پاك مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەل .

*　　　*　　　*

ھايات - دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشاش تۇپراق مېھرىدىن ھۇزۇر ئالسا، ئىنسانلارمۇ دۇنياغا كېلىپ - كەتكۈچى ئارىلىقتا تالاي مەنزىللەر بىلەن ئۇچرىشىپ ياشاش قىممىتىدىن ھەقىقىي مەنىلەرنى قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ .

*　　　*　　　*

ھايات - بىر دەستە پورەكلەپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈل . ئۇ ھايا بىلەن ئېچىپەتنى، گۈزەللىك بىلەن نازاكەتلىكنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ قەلب بېغىنى خۇش پۇراق بىلەن تويۇندۇرىدۇ .

*　　　*　　　*

ھايات - تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتىنىڭ خۇلاسىسىدۇر .

*　　　*　　　*

ھايات - ئۇ تۈنۈگۈنكى ئەسلەش، بۈگۈنكى شادلىق، ئەتىدىكى ئىشەنچ - ئۈمىد تۇۋرۇكىدۇر .

*　　　*　　　*

ھايات - مۇھەببەت، سۆيگۈ، نىكاھ، ئائىلە، گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش بىلەن قەدىرلىكتۇر .

* * *

ھايات ـ ئاتا ـ ئانا ، كۆيۈمچان ئۇستازلار مېھرىدە پىشىپ تاۋلانسا تولىمۇ مەنىلىك ، غۇرۇرلۇق ، پەخىرلىك بولىدۇ .

* * *

ھايات ـ ئۇتۇق ـ نەتىجە . شان ـ شەرەپ ، تۆھپە بىلەن پارلاق كېلەچەكنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىدۇر .

* * *

ھايات ـ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئالىي قوماندانىدۇر .

* * *

ھايات ـ تىك قىيا ئۇستىدە ئېچىلغان چىرايلىق گۈلدۇر .

* * *

ھايات ـ دوستلۇق رىشتىنى تاۋلىغۇچى ئالتۇن ئوچاقتۇر .

* * *

دوستۇم ، سىز ھاياتنى زوقلىنىش ، بەھرە ئېلىشنى بىلەمسىز ؟ بەلكىم قىممەتلىك ئۆمۈر گۈلشەنىڭىزدە ، ھاياتنى قەدىرلەش ، سۆيۈش بىلەن بېزەپ ، ئاجايىپ تەڭداشسىز خۇشاللىقتا تويۇنۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغانسىز ؟ بۇ بىر ئۇلۇغ غايە . سىزنى مەپتۇنكارلارچە جەلپ قىلىۋاتقان ئىنسانىي يۈكسەكلىكتىكى مۇكەممەل ئوتلۇق تەلپۈنۈش .

*　*　*

دوستۇم ، ھاياتئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تولىمۇ گۈزەل ، تولىمۇ سۆيۈملۈك . چۈنكى ، سىز ئەڭ چىرايلىق بېسىلغان ھايات مۇساپىڭىزدە ئۆزىڭىزمۇ ئويلاپ يەتمىگەن تالاي ياخشىلىق ، يامانلىق ، شادلىق ، قايغۇ - ئازابلارنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن .

*　*　*

دوستۇم ، ھايات بىر تۇپ كۆچەت . ئۇ ياخشى پەرۋىشلەنمىسە ، يىلتىزىدىن قۇرۇپ كېرەكسىز شاخ - شۇمبىغا ئايلىنىدۇ . ئاخىرىدا كېسىپ ، چەيلىنىپ ئوچاقتا ئوتۇن بولۇپ ، بىر تۇتام كۈلگە ئايلىنىدۇ .

*　*　*

دوستۇم ، ھاياتنى قانچىلىك ياشىغانلىق بىلەن ئەمەس ، قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىق بىلەن ئۆلچەش كېرەك . ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش ئادەم دۇنيادا مەنىسىز ، تۆھپىسىز ياشاپ ، ئۆز - ئۆزىنى خار قىلىشتۇر .

*　*　*

دوستۇم ، ھايات ئەڭ يۇكسەك ئالىيجانابلىق ، ئەقىل - پاراسەت ۋە جاسارەتكە تولغان ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە موھتاج .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، ھايات ئەمگەك بىلەن جانلىق . ئۇ ھالال ئەجىر ، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ، پاك سۆيگۈ بىلەن گۈزەلدۇر .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، ھايات چەكلىك ، بىر تالاي قۇرۇق گەپتىن بىر مىسقال ئالتۇن قىممەتلىك بولغىنىدەك ، ھاياتنى ئالداش - ئۆز ۋوتىغا ئۆزى پالتا چاپقاندەك ئەخمىقانە بىر ئىش .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، ھايات پورەكلەپ ئېچىلغان بىر دەستە گۈل . بىراق ، ھايات مەنزىلىنى خۇش پۇراق گۈللەرگە تولدۇرۇش بىر قىيىن ئۆتكەل .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، ھايات ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا . ئۇ ئېرىق - ئۆستەڭ ، كىچىك بۇلاق ۋە كەڭ ئېكىنزارلارنى ئۆز زۇمرەتىدىن تويۇندۇرىدۇ .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، ھايات سىرلىق تېپىشماق ، ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمىسە ، بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن !

* * *

دوستۇم ، ھايات سىز ، مەن ۋە باشقىلار ئۈچۈنمۇ شۇنچە تاتلىق . شۇڭا ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ئالىمى ۋە كىشىلىك جەمئىيەت بىلەن بولغان باغلىنىشىنى چۈشىنىشى ، ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلىشى بىر دانالىقتۇر .

* * *

دوستۇم ، ھايات تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ ، مېۋە بېرىدىغان خاسىيەتلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ .

* * *

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قەدىرلەش ، ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى بولىدۇ . بىراق كىمنى ، نېمىنى قەدىرلەشكە ھېچكىم چەك قويالمايدۇ . ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن كىشى ئاخىرى ۋىجدان ، ئەقىدە ، ئادەمگە خاس سەزگۈرلۈكتىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدۇ .

* * *

تۆھپە ھاياتلىق مەنزىلىدە پارلىغان قۇياش . ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان كىشىنىڭ ساپ ئەجرى ئالتۇندەك جۇلالىق .

* * *

گۈزەل قەلب ، گۈزەل ئەخلاق ، گۈزەل مەدەنىيەت ، گۈزەل ئىدىيە ھەربىر ئادەم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىنسانىي بۇرچ . ئۇ

كىشىلەرنى ئەخلاق ـ پەزىلەتكە، ئۇلۇغ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ.

*    *    *

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزى بىر گۈزەللىك. شۇڭا، ئادەممۇ شۇ گۈزەللىكنىڭ ئېسىل بىر نامايەندىسى.

*    *    *

ھايات ـ مەڭگۈ سۆيۈشكە، پەرۋىشكە موھتاج بىر ياڭراق مېلودىيە. ئىنساننىڭ ئۆز كارامىتىنى نۇرلاندۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئېنېرگىيە. ئۇ ئۇنتۇشقا بولمايدىغان قىممەت باھالىق ئالبوم. شۇڭا، ئۇ رەڭدار، كۆركەم، گۈزەللىكى بىلەن جەلپكار ۋە قەدىرلىك.

*    *    *

ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشتا ماڭىدىغان يول تار ھەم ئۇزۇن. ئەمما، بۇ يولدا قانداق مېڭىش، قانداق ياشاش پەقەت ۋىجدان ۋە تاللاش مەسىلىسىدۇر.

*    *    *

ھاياتلىق ھەربىر ئادەمگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ، نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. بەزىلەر ھاياتلىقتىن تەلۋىلەرچە ۋاز كەچسە، بەزىلەر ھاياتلىقتىن خۇشاللىق ئىزدەيدۇ.

*    *    *

ھاياتلىق دېڭىزدىكى يەلكەن، كېمىگە ئوخشايدۇ. تالاي

كىشىلەر مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە ئۇچرىسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر پاك مۇھەببەتتە ئۆزئارا كۆيۈنۈشكە، ياردەمگە، مۇھىمى ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە موھتاج بولۇپ ياشايدۇ.

* * *

ھاياتلىق سىرلىق تېپىشماق. كىشىلەر ئادەتتە ئاچچىق تەنقىدنى شىپالىق دورىغا ئوخشىتىدۇ.

* * *

ھاياتلىق ئەڭ سۆيۈملۈك ئەڭگۈشتەر، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم بەخت، شادلىق ئىچىدە خۇشال - خۇرام كۈلۈپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئارزۇ - ئارمانلىرى رېئاللىقنىڭ ئاچچىق زەربىسىگە ئۇچرىغان چاغدا قاتتىق قايغۇرۇپ، ئۆزىنى بەختسىز، بىچارە ھېسابلايدۇ.

* * *

ھاياتلىق بۇ ئالەمدە كىشىلەرگە بېرىلگەن بىردىنبىر پۇرسەت، ياشاش ھوقۇقىدۇر. كىشىلەر مەيلى ئۆزىنى بەختسىز، شور پېشانە، بىچارە، زېرىكىشلىك ھېس قىلسۇن، چوقۇم ھاياتقا ئىنتىلمەي، ياشىماي ئامالى يوق.

* * *

ھاياتلىق سەپىرىدە ئادەم پەقەت ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئىزدىنىش، تىرىشىش يولى بىلەن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۆزىگە خاس ئىز قالدۇرۇشى كېرەك.

*　　　*　　　*

ھاياتلىق يولىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ، ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تاپالىغان كىشى چوقۇم بەختلىك ھېسابلىنىپ ، ھاياتنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنالايدۇ .

*　　　*　　　*

ھاياتلىق پۈتمەس ـ تۈگىمەس سىر بىلەن تولغان چەكسىز خەزىنە .

*　　　*　　　*

ھايات مەنزىلى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي ، مۇرەككەپ قىسمەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ ، ئۆمۈرنىڭ ئاداققى چېكىدە شادلىق بىلەن خاپىلىق ، كۈلكە بىلەن ھەسرەتكە ئەبەدىي ھامىلە بولىدۇ .

*　　　*　　　*

ھايات بىر دۇنيا ، ئۇ ھەربىر ئادەم ئاڭلاپ قانمايدىغان لىرىك ناخشا ، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ لەزىز مىنۇتى ، روھىي بىتاپلىقتىن قۇتۇلدۇرغۇچى شىپالىق دورا .

*　　　*　　　*

ھايات بىر باغ ، ئۇنىڭ ھەربىر كۆچەتلىرىنى ياخشى پەرۋىشلىگەندە شېرىن مېۋىلەر شاخ ـ شاخلاردا مەي باغلاپ دىل ئارامىنى قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇرىدۇ .

*　　　　*　　　　*

ھايات يۈگەنسىز بىر ئات ، يار ۋەسلىدە خۇش كەيپ بولۇپ ، ھىجران ئازابىنى شىرىن بىلىپ يۈدۈپ ماڭغۇچى تۇلپار .

*　　　　*　　　　*

ھايات ئەسلىي بىر ئاچچىق غورا . ئۇ قەدرىنى بىلگەنلەرنى شادلىقتىن كۈلدۈرسە ، خارلىغانلارنى دەردكە مۈپتىلا قىلىپ ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلىك دورا .

*　　　　*　　　　*

ھايات بىر تىلسىم ، چۈنكى ئىنسانغا ھايات خورلۇقىدىن ھايات مېھرى شۇ قەدەر شىرىن ، شۇ قەدەر تاتلىق .

*　　　　*　　　　*

ھايات ئۈمىدۋار كىشىلەرگە مەنسۇپ ، غايىلىك ، ئىرادىلىك ، تىرىشچان كىشىلەر ھايات مەنزىلىنىڭ ھارماس كارۋانلىرىدۇر .

# ياشاش قىبلىنامىسى

مەن ئالىيجاناب ، مەرد ، سېخىيلىقىم بىلەن ئۆز مەرتىۋەمنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئۇچرىشىدىن قورقمايمەن . چۈنكى ، دۇنيا ئۇلۇغ ئىش ئارقىلىقلا مەڭگۈ گۈزەل .

*　　　*　　　*

مەن دۇنياغا ئادەملىك جىسمىم بىلەن يارالدىم . ھاياتىمنىڭ ھەربىر دەقىقە مىنۇتلىرىنى كىتاب ئوقۇش ، بىلىم ئېلىش بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزدۇم . چۈنكى ، كىتاب بەختىم ، ئامىتىم ، تەپەككۇرۇمنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىسى .

*　　　*　　　*

مەن باشقىلارنىڭ خاتالىقىدىن ئۆكۈنمەيمەن ، دۇنيادا ئۆزىنىڭ خاتالىقى ، نادانلىقىنى تونۇمىغان ئادەم ئۆزگىلەر ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن ياردەم قىلىشنى بىلمەيدۇ .

*　　　*　　　*

مەن ئاجىز ، رايىشلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئاسايىشلىق

ئىزدەيمەن . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقتىن ئىگرىشى يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ سانجىلىدۇ .

*  *  *

مەن ياخشىلار ئۈچۈن جان بېرىمەن ، ياخشىلار قەلبىدە بىر ئۆمۈر يۈلتۈز بولۇپ يورۇشنى ئارزۇ قىلىمەن .



# دوستلۇق چاچقۇسى

دوستۇم ، سەن ھاياتىڭدا ئادىل ، سەممىي ، راستچىل ، شېرىن سۆزلۈك ، خەير - ساخاۋەتلىك بىلەن ياشاپ ، تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭ ، ماختاپ ئۇچۇرۇشلاردىن ئۆزۈڭنى تارت .

*   *   *

دوستۇم ، سەن ئەقلى كامالەتكە يېتىپ ، مەرىپەت بوسۇغىسىغا قەدەم باسقىنىڭدا ، ئۇستازىڭ كۆرسەتكەن توغرا يولدا مېڭىپ ، ئەيش - ئىشرەت ، كەيپ - ساپادىن يىراق تۇر .

*   *   *

دوستۇم ، سەن شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقۇنكى ، تەمەخورلۇق ، كاززاپلىق ، ھۇرۇنلۇق ئىلكىدە شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشىغا سۇكۇت قىلما . چۈنكى ، ئۇ پاك ۋۇجۇدۇڭنى ھالاكەت كوچىسىغا باشلاپ بېرىپ ، ئۆمۈرلۈك نابۇت قىلىدۇ .

*   *   *

دوستۇم ، سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى ، بىلىم ھەربىر ئىنسانغا ئۆمۈرلۈك پەرز . ئەقىل مەنزىلىنىڭ يول خېتى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئادىمىلىك خىسلەتنى جۇلالاندۇرۇشتا

ئەخلاقنى مەقسەت ، قانۇننى ۋاستە قىلىپ ياشاشمۇ بىر خىل دانالىقتۇر . چۈنكى ، شۈكۈر - قانائەت بىلىشنىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر .

*　　　　*　　　　*

دوستۇم ، سەن بىلەمسەنكىن ، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈلۈش بەخت ، بىھۇدە كۈلۈشنىڭ ئۆزى سېنىڭ ئابرۇيۇڭنى تۆكۈپ ، خاسلىقىڭنى دەپسەندە قىلىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتتۇر .

*　　　　*　　　　*

دوستۇم ، سەن دوستلۇقنى زاۋالىققا يۈزلەندۈرمەي دېسەڭ ، كىشىلەر بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋەت ئارىلىقىنى ساقلاپ تۇر ، دوستلۇقۇڭغا ئاسىي ، ساتقۇن بولۇپ ياشىما ، چۈنكى دوستلار قېرىنداشتەك بولغىنى بىلەن قېرىنداشلىرىڭنىڭ دوستلىرىڭدەك مېھرىبان بولالىشى ناتايىن .

*　　　　*　　　　*

دوستۇم ، سەن ئاچچىق ئەلەمدىن بىھۇدە ياش تۆكۈپ ، دۈشمىنىڭنى قەۋەت خۇشال قىلما ، ئازابلىق ئىدالىرىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىڭنىڭ سىيماسى بولۇپ قالمىسۇن . چۈنكى ، كۆز يېشى يۈرەكنىڭ قېنىدۇر .

*　　　　*　　　　*

دوستۇم ، سەن دۇنياغا كەلگەن ئىكەنسەن ، ئادەمدەك ياشا .

ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن ئۆزۈڭنى تەرەققىي قىلدۇر . چۈنكى ، غايە ئۇلۇغۋار خىيالدىكى ئەڭ ياخشى خەرىتىدۇر .

*　*　*

دوستۇم ، سەن ئاداۋەت ، غەيۋەت ، تۆھمەت ، پەسكەش ، شەرمەندىلىكتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ ياشىيالىساڭ ، دۇنيادىكى ئەڭ ۋىجدانلىق ، غۇرۇرلۇق ، ئەڭ سۆيۈملۈك ، بەختلىك ئادەملەر قاتارىدىن ھۆرمەت ، ئىكرام بىلەن مەڭگۈ ئورۇن ئالالايسەن .

*　*　*

دوستۇم ، سەن ئۆز جەلپكارلىقىڭنى ئاشۇراي دېسەڭ ، ھەرىكەتتە چاققان ، پەزىلەتتە ئېسىل ، ئالىيجاناب ، نىيەت ، ئىقبالىڭدا دۇرۇس بول .

*　*　*

دوستۇم ، سەن ۋاقىتلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ، پۇل ـ ئىمتىياز ، مال ـ بايلىقىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلىگەن چاغلىرىڭدا ، ئىشنىڭ ئاخىرىنىمۇ ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما .

*　*　*

دوستۇم ، سەن ئالدىراپ ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ كەتمە ، مەغرۇرلۇق ، نەپسانىيەتچىلىك كۆنلەرنىڭ بىرىدە سېنى ئېغىر پۇشايمان ، تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ھەسرەت بىلەن ھالاك قىلىدۇ .

*　　　*　　　*

دوستۇم، سەن بىراۋنىڭ يالغاندىن ماختاپ - ئۇچۇرۇشلىرىدىن ھەر ۋاقىت ئاگاھ بول. ھېلىگەرنىڭ ۋاقىتلىق كۈلكىسى خۇددى شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقىغا ئوخشاش خەتەرلىك.

*　　　*　　　*

دوستۇم، سەن يۈرىكىڭنى مېھرىبانلىق بۇلىقى بىلەن پات-پات سۇغىرىپ تۇر، كەلسە - كەلمەس ئادەملەرگە دەرد - ھالىڭ ۋە ئىچ سىرىڭنى ئالدىراپ تۆكمە. ئەگەر بىخۇدلۇق قىلساڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش ئولجىسىغا ئايلىنىپ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسەن.

*　　　*　　　*

دوستۇم، سەن ئۆزۈڭگە سەممىي، مەسئۇلىيەتچان بولالىغىنىڭدىلا، ئاندىن باشقىلارغىمۇ ئادىمىيلىك خىسلىتىڭدىن ھەقىقىي مېھىر - شەپقەت يەتكۈزەلەيسەن ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

*　　　*　　　*

دوستۇم، سەن ھوقۇق - ئىمتىياز تۈپەيلى مال - دۇنيا، پۇلغا كۆمۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ يۇقىرى ھۆرمەتتىكى نام - ئەمەلىڭدىن ئايرىلغاندا تۇرمۇشۇڭ زەئىپلىك، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن.

* * *

دوستۇم ، سەن شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىيجاناب روھ ئىكەنلىكىنى كۆڭۈل قەسرىڭدە مەڭگۈلۈك ساقلا .

* * *

دوستۇم ، سەن ھەققانىيەت تارازىسىغا چۈشۈپ باق ، تۇرمۇشۇڭنىڭ بەختلىك بولۇشى ھەرگىزمۇ مال - دۇنيانىڭ كۆپلۈكى ، نام - ئەمەل ، مەنسىپىڭنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ .

* * *

دوستۇم ، سەن ھايات مۇساپەڭدە تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىرلەشتۈر ، باشقىلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھەرگىز يامانلىق ، سۇيىقەست غەرىزىدە بولما .

* * *

دوستۇم ، سەن سېخىيلىق ، مەردلىكنى ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىپ ، كەڭ قورساق ، مېھرىبان ، ئالىيجانابلار ئىزىدىن ئورۇن ئال .

* * *

دوستۇم ، سەن ھاياسىزلىق بىلەن ئاغزىڭنى بۇلغىما .

چۈنكى ، تىل ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى ، ھەقىقەتنىڭ قورالى ، ئىپسىگدە بولسۇنكى ، ئارتۇق گەپ بىلەن تىل ۋەزىنىنى ، ئادىمىيلىك پەزىلىتىگنى بۇزما .

*  *  *

دوستۇم ، سەن ئەمەلدار بولساڭ ۋاقىتلىق ئامەت ، خۇشاللىقىگدىن كۆرەڭلەپ كەتمە ، چۈنكى ئەجىرسىز راھەت - پاراغەت سېنى ئارمان قۇچىقىدا داغدا قويىدۇ .

*  *  *

دوستۇم ، سەن دوستلۇق يولىنى توغرا تاللىغىن . چۈنكى ، پۇلدار بىلەن دوستلاشساڭ دوستلۇقۇڭ سىناقلاردىن ئۆتەلمەي ئۇزاققا بارمايدۇ .

*  *  *

دوستۇم ، سەن ئۆز ئىقتىدارىڭنى بىلىم سەۋىيەڭ بىلەن ئۆلچەپ باق . چۈنكى ، دۇنيادا بىلىمسىز ئەخمەقتىن بىلىملىك ئەخمەق تېخىمۇ ئەخمەقتۇر .

*  *  *

دوستۇم ، سەن نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن ئۆزۈڭنى بېزىمەي ، ئاز - تولا پاراسەت بىلەنمۇ قەدرىڭنى تاپ . چۈنكى ، بەرىكەت ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ .

* * *

دوستۇم ، سەن كۆندۈزنىڭ زىننىتى قۇياش ، كېچىنىڭ زىننىتى ئاي بىلەن يۇلتۇز دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىغانمۇ ؟ چۈنكى ، مەنىۋى ھاياتنىڭ زىننىتىمۇ ئالاھىدە بىر سەنئەت .

* * *

دوستۇم ، سەن ھاراق ئىچىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنىڭ كەيپىياتىنى نورماللاشتۇر ، زورلاپ ئىچىش بەدىلىدىكى مەستلىك ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇشتۇر .

* * *

دوستۇم ، سەن ئەجىرسىز يەردە زىرائەت ئوخشىمىغاندەك ، پەرۋىشسىز ئەردە ئىناقلىق مەۋجۇت بولمايدۇ . چۈنكى ، ئىنسانغا دوستلۇق چوڭ بايلىق . «ئىناقلىقنىڭ تېگى ئەزىز ، بىلىمنىڭ تېگى دېڭىز» دەيدىغان تەمسىل بار .

* * *

دوستۇم ، سەن دۇرۇس ، سەمىمىي نىيىتىڭ بىلەن ئېسىل پەزىلىتىڭنى جۇلالات . چۈنكى ، دۇنيادا ئۆزىنى بىلىپ ، ئۆزىنى كونترول قىلىپ ياشاش ئىنساني كامىللىقنىڭ ئالىي بەلگىسىدۇر .

* * *

دوستۇم ، سەن ياشلىق باھارىڭنىڭ قىممىتىنى غايە ، ئەخلاق

تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆر . چۈنكى ، ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەتتۇر .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، سەن ۋاقىت ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ، ئۇنىڭ قەدرىگە يەت ، چۈنكى ۋاقىت بىلەن پۇرسەت تۇتۇق بەرمەيدىغان يۈگەنسىز ئاتقا ئوخشايدۇ .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، بۈگۈنكى هايات مەن ، سىز ۋە باشقىلار ئۈچۈن شۇقەدەر قىممەتلىك بولۇپ ، بەختىنىڭ تاتلىق مىنۇتلىرى قولدىن كەتسىلا قايتىلانمايدۇ . چۈنكى ، بىزنىڭ تۇرمۇش مۇساپىمىزدە بۈگۈندىن پەقەت بىرسىلا بار ئەمەسمۇ ؟

*　　　*　　　*

دوستۇم ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، هەربىر قۇتلۇق بۈگۈن مەن ، سىز ۋە باشقىلارنىڭ قەلب تۆرىدە ئەسلىي ئېسىدىن چىقىرىپ ئۇنتۇشقا بولمايدىغان ئاچچىق - تاتلىق شېرىن ئەسلىمە خاتىرە كارتىنىسىنى قالدۇرۇشقا قادىر .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، تۈنۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ خاپىلىقىدا بۈگۈننى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسانغا نىسبەتەن كەچۈرگۈسىز نادانلىقتۇر .

*　　　*　　　*

دوستۇم ، كۆڭۈلچەك ئادەم بۇ رەھىمسىز دۇنيادا زىياندىن باشقا هېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ .

*　　*　　*

دوستۇم ، كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولاي دېسەڭ ، ئۆزۈڭدىن بۇرۇنقى تەجرىبىلىك پېشقەدەملەرنىڭ ياشاش مىزانىدىن ئۆرنەك ئال .

*　　*　　*

دوستۇم ، چىن سۆز ئۆزۈڭنى ۋە ئەۋلادلىرىڭنى (پەرزەنتلىرىڭنى) ئەدەپ - ئەخلاقلىق ، پەزىلەتلىك ، دۇرۇس نىيەتلىك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش - چىقالماسلىقىڭدىكى مۇھىم ئامىل .

*　　*　　*

دوستۇم ، نىهايەت ، ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالىدىغىنى ئەڭ چىرايلىق ماددىي بايلىق بولماستىن ، بەلكى روھىي مۇكەممەللىك ۋە ئەخلاق گۈلىستانىدا پارلىغان نۇرانە يۇلتۇزدۇر .

*　　*　　*

دوستۇم ، سەن ھەسەتخورلۇق زىكرىدىن تىلىڭنى تارت ، مال-دۇنيا ئالدىدا كۆكسى - قارنىڭنى توق تۇت ، ھەربىر ئىشتا كەڭ قورساق بولۇپ ، قەلبىڭنى ئادىمىيلىك بىلەن نۇرلاندۇر . ئۆز مىللىتىڭگە ، ئۆز دوستۇڭغا ئاسىيلىق قىلىپ ، تەرەققىيات يولىغا خەندەك كولاپ يىقىتىدىغان ھۇجۇمچى قەھرىمان بولما .

*　　*　　*

دوستۇم ، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئادىمىيلىكنىڭ يوقىلىشمۇ

بىر پاجىئە . چۈنكى ، ئادەم شۇ سەۋەبلىك ئۆزى ئويلاپ باقمىغان ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن .

* * *

دوستۇم ، سەن بىراۋدىن ئۈمىد كۈتۈش ئىمكانىيىتىنىڭ قالمىغاندا ئۆزۈڭگە تايىنىش ئۈچۈن تىرىش ، ئارتۇقچىلىقىڭ بىلەن يېتەرسىزلىكىڭنى بايقاشقا ماھىر بول . چۈنكى ، ئۆزىنى بىلىش ، چۈشىنىشمۇ ئەڭ زور بايلىق .

* * *

دوستۇم ، دۆت ، دېۋەڭ ، مۇغەمبەرلىك بىلەن ياشاش نېمىدېگەن نادان ، ئەقىلسىزلىق - ھە؟ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسى ، بۈگۈننىڭ قويىنىدا تۆھپە بىلەن ياشاپ ئەتىنى خۇشال - خۇرام ، بەختلىك ئۆتكۈزۈشتۇر .

* * *

دوستۇم ، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي دەپ تەلەيگە تەۋەككۇل قىلما . چۈنكى ، ئۇ سەن ئۈچۈن نادانلار قالدۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتلىق بەزلەش دورىسىدۇر .

* * *

دوستۇم ، دۇنيادا ئېھتىياج تۈپەيلى بىر-بىرىگە يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزىمۇ ھايات قانۇنىيىتىدۇر .

* * *

دوستۇم ، ئادەملىكىڭنىڭ ئۆزى بىر مۇكەممەل رومان ،

ھايات خۇددى باشقىلار قىنىپ زوق ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان گۈزەل سىمفونىيە . شۇڭا ، ھاياتقا ئاتىلارنىڭ كۆزى ، ئانىلارنىڭ يۈرىكى بىلەن قاراشتىن ئۇلۇغ نەرسە يوق .

* * *

دوستۇم ، غەلىبە ئۇچۇن مەغلۇبىيەتكە تەن بەر .

* * *

دوستۇم ، ماددا جەمئىيەتنىڭ تېنى ۋە قېنى . ئەخلاق - پەزىلەت ئۇنىڭ جېنى .

* * *

دوستۇم ، ئاقىلانە تەنقىد - قەلب گۈلشەنىڭگە تەقدىم قىلىنىغان بىر دەستە خۇش پۇراقلىق گۈل .

* * *

دوستۇم ، ئاتا - ئانىڭ ۋە دوست - بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئاغرىتىپ بەرگەن سەمىمىي تەنقىدى سېنى ئەقىل - پاراسەتلىك قىلىدىغان شىپالىق مېۋە . لېكىن ، بۇ مېۋىنىڭ پوستى ئاچچىق بولغىنى بىلەن مېغىزى شۇنچە تاتلىق .

* * *

دوستۇم ، ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ھۈنەر - كەسىپ جەھەتتىكى تۆھپە - ئۇلۇغلۇق بىناسىنى قۇرغۇچى ئىككى خىل مۇھىم ماتېرىيالدۇر .

*　　　　*　　　　*

دوستۇم ، قان - تەر مۇۋەپپەقىيەت دەرىخىنى سۇغىرىدىغان قۇۋۋەتلىك سۇ .

*　　　　*　　　　*

گۈزەل ئەخلاق خۇددى بىباھا گۆھەر ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە قەلب گۈزەللىكى بولۇپ ، ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ .

*　　　　*　　　　*

ئادەمنىڭ رەڭگى - رۇخسارى ، تەق - تۇرقى يەپ - ئىچىش بىلەن ئەمەس ، بەلكــى ھالال قان - تەرى ، ساپ ۋىجدان ئەقىدىسى ، غۇرۇرى بىلەن يورۇق بولىدۇ .

*　　　　*　　　　*

ئەگەر سەن ئىززەت تاپاي دېسەڭ ، كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق بول .

*　　　　*　　　　*

تارىخنىڭ ئىنئامى پەقەت غايىلىك ، ئىرادىلىك كىشىلەرگە مەنسۇپ .

*　　　　*　　　　*

كۆرەلمەس ، ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ يىلان تىلىدىن ھەر

ۋاقىت شېكەر يالىتىلغان زەھەر تامچىسى تۇرىدۇ .

*          *          *

ئادەم ئىنسانلىق تەبىئىتىنى يوقاتقانسېرى ، غالجىرلاشقان ئىتقا ئوخشاش تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىدۇ .

*          *          *

قېرىلار تۈنۈگۈنىنىڭ ، ياشلار بۈگۈنىنىڭ ، بوۋاقلار ئەتىنىڭ شاھىتىدۇر .

*          *          *

ياشلىقتىكى كۆلپەتتىن قېرىلىقتىكى ھەسرەت يامان .

*          *          *

تۈنۈگۈن ئارمان ، بۈگۈن پۇرسەت ، ئەتە ئارزۇ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

*          *          *

ھاياتلىقتا ساتقۇن ، مۇناپىق ئادەم ھەر ئىككى تەرەپكە ئاسىي بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنداقلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

*          *          *

دۇنيادا روھى بۇزۇلغان كىشىنىڭ ئېڭىمۇ بۇزۇلۇپ ،

ھەربىكتى قوپال ، ھاياسىز ، ۋەھشىي ، يىرگىنىشلىك كېلىدۇ .

*　　　*　　　*

ئاپەتنىڭ بېشى ھەسەتخورلۇق . بىراق ، ئۇنىڭ شادلىقى قايغۇ ، قايغۇسى شادلىقتۇر .

*　　　*　　　*

نەپسانىيەتچىلىك ئىنسان تەبىئىتىگە ياتىدىغان ۋە ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ پەيدا بولىدىغان بىر خىل تۇغما خاراكتېر ، ئۇ بەزىلەرگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ تالاي خۇشاللىق ئاتا قىلالىسىمۇ ، يەنە بەزىلەرگە تۈگەتكۈسىز ئاچارچىلىق ، ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ .

*　　　*　　　*

چېكىدىن ئاشقان ئاچ كۆزلۈك ، شۆكۈر - قانائەت ، ئىنساب-نومۇس دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، باشقىلارنىڭ رىزقى ، بەختىنى ۋەيران قىلىدۇ ، ئاخىر ئۆزىمۇ ھالاك بولىدۇ .

*　　　*　　　*

قەلب گويا بىر ئوتلۇق تەلپۈنۈش ، يىپيېڭى غايە ، بىغۇبار ئىستەكلەر ئىلكىدە تىنىمسىز يالقۇنجاپ ، ئىنساننى ئاخىرقى ھېسابتا ھاياتلىقنىڭ بىباھا ئەگۈشتەرىگە ئېرىشتۈرىدۇ .

*　　　*　　　*

ۋاپادارلىق ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەبەدىيلىك مىزانى .

# كۆزلەر خىسلىتى

كۆز ـ دۇنيادىكى بارچە جانلىقلارنىڭ يورۇقلۇق ئەلچىسى ، ھاياتلىق سەپىرىنىڭ نۇرلۇق يولباشچىسى ، ئادىمىيلىك ، ئەقىل-پاراسەت ، ۋىجدان - غۇرۇر ، پاك مۇھەببەت ، سۆيگۈ - ساداقەت ، بەخت - سائادەتنىڭ مەڭگۈلۈك ياراتقۇچىسى ، پانىي ئالەمدىكى شاد - خۇراملىقنىڭ يارقىن جۇلاسى . ئىختىرا سەپىرىنىڭ ھارماس كارۋىنى . پەرۋىشكارلارنىڭ پەخرى ھەم ئىپتىخارى . بىراق ، كىشىلىك تۇرمۇشتا كۆزلەر خىسلىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئادەملەرگە ھەقىقىي ياراشقىنى قارا كۆز ، بوتا كۆز ، قوي كۆز بولۇپ ، بۇ كۆزلەر تولىمۇ نۇرانە ، مېھرىلىك ، خۇمارلىق ، كېرەملىك ، ئۇيۇشقاق ، چىن مەنىسى بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ قاراۋۇلى ھېسابلىنىدۇ . چېھرىدىن يېقىملىق نۇر تالالىرى تۆكۈلىدۇ . قەلبلەرگە ئىشەنچ - ئۈمىد بېغىشلايدۇ . تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ، ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ بەھرە ئالىدۇ . ئۆزلىرى بىلەن مۇجەسسەم ھاياتلارنىڭ تىن - نەپەسلىرىدىن يۈرەكلەرنىڭ ئۈنسىز پىچىرلاشلىرىنى ، كۈلكە ۋە ئۆكسۈشلەرنىڭ جاراڭلىق تىۋىشلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ . ئاق - قارا ، ھەق - ناھەقنى ، ياخشى بىلەن يامانلىقنى ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى روشەن پەرقلەندۈرەلەيدۇ . تومۇر - تومۇرلىرىدا ئادىمىيلىك قېنى شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان ،

يۈرىكى ۋاپا - ساداقەت ئىشقىدا توختاۋسىز دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتقان، ئىنساب - دىيانەتلىك، ئەلنىڭ شادلىق قايغۇسىغا ئورتاقلىشالايدىغان باتۇر سەركەردىلەرگە ئاسايىش ۋە ئۇتۇق تىلەيدۇ. ئەمما، شۇم، ئەسەبىي پەيلىدىن ھەسەتخورلۇق، ئىچى تار، روھى زەئىپ، ئەقىدىسى ئازغۇن، تۇيغۇ تەپەككۇرى خۇنۇك، خىياللىرى چىرىگەن قىزىل كۆزلەردىن كىممۇ بىزار ئەمەس؟ ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن ياۋۇز، ۋەھشىلىك مەۋج ئۇرۇپ، تويمىغۇرلۇق، ئاچ كۆزلۈك دۇنياسىدا بارچە مەۋجۇداتلارنى يالماپ، يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. ھەربىر قۇتراپ قاراشلاردىن ھىيلىگەرلىك، جادۇگەرلىك نۇرى خۇنۇك چاقنايدۇ. بۇ خىل كۆزدە نەدىمۇ مېھرىبانلىق، نەدىمۇ شاپائەت، نەدىمۇ مېھىر - مۇھەببەت بولسۇن؟

# ئېقىن چاچقۇسى

ئېقىن ـ ئۇ دەريا ـ دېڭىز ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ باغرىدا دولقۇن ياساپ ، ھەيۋەتلىك شاۋقۇنى بىلەن شوخلىشىپ ، بەيگىدە مەنزىللەردە توسقۇنسىز روھلىنىپ ، سەھرايى كەبىر كەبى يىراق-يىراقلارغا يۈرۈپ ، قاغجىراق چۆل ـ جەزىرە مەڭزىنى ئاشىقلارچە توختىماي سۆيۈپ ، ئۇسسۇزلۇقتىن تامچە قەترىگە تەشنا چاڭقىغان دەل ـ دەرەخ ، نىمجان مايسىلارنى ياشنىتىپ ، كائىناتقا يېشىللىق ، چىرايلىق رەڭ ، ئىنسانغا ئىشەنچ ، ئۈمىد ، ھاياتقا كۈچ ـ جاسارەت ، يۈرەككە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلىغۇچى مېھىرلىك چەشمە بولاقتۇر .

ئېقىن ـ ئۇ كائىناتنىڭ قېنى ، كۆركى ، ھاياتنىڭ جېنى ، يۈرىكى...... تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ گۈزەل داۋامى ، ئۆركەشلەپ تۇرغان ئۇلۇغ ، پاك سۆيگۈنىڭ مۇڭلۇق كۈي چاچقۇسى ، بەخت-ئىقبالغا باشلىغۇچى .

# يۇرت سۆيگۈسى

ئېھ ، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتۇم . سەن مېنىڭ باغرىم ، ئېپتىخارىم . ھاياتىمنىڭ تۇنجى باشلىنىش بېكىتىسەن . سېنىڭ قۇياش تەپتى ئىللىق قۇچىقىڭ ، بەرىكەتلىك نېمەتلەرگە تويۇنغان مۇنبەت تۇپرىقىڭ ، ھەربىر تال گۈل - گىياھىڭ مەن ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك .

ئېھ ، ئانا يۇرتۇم . سەن تارىخ بەتلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل مۆجىزە پەيتلىرىڭ بىلەن تەرىپلىنىشكە تامامەن ھەقلىقسەن . دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تونۇشلۇق بولغان «داۋاكۆل قۇملۇق سەيلە-ساياھەت» مەنزىرىلىرىڭ ، چوققىلىق ، ھىسار ، ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىلىرىڭ ، 500 يىللىق ، 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە «توغراق پادىشاھى» ، «سۆگەت پادىشاھى» لىرىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىلەر چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن باغۇبوستانلىق ، ئېكىنزارلىق ، گۈزەل سەيلىگاھلىرىڭ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى كۆزنى چاقناتقان بىر نۇرلۇق مەرۋايىت ئىكەنلىكىڭنى دەلىللەپ ، يېڭى دەۋردىكى تەرەققىياتلىرىڭنى تولۇق نامايان قىلماقتا .

ئېھ ، پاسىبان ئانا يۇرتۇم . سەن نۇرلۇق مۇشكۇلاتلار ئالدىدا باتۇرلارچە روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئەقىل بۇلىقى ، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ ، ئۆز جىسمىڭدا ھەيران قىلارلىق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدىڭ . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئەلا سورتلۇق يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبەڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدە ياخشى شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتىڭ .

مەنىۋى مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ تېز ئالغا باستىڭ . بۇ تەرىپلەشكە ، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ مۆجىزە .

ئېھ ، ئانا يۇرتۇم . مەن سېنى كۈيلەپ ، يۇرتىمىزدىكى ئوتلۇق سۆيگۈمنى تۆۋەندىكى بېيىتلار بىلەن ئىپادىلەپ ، يۇرت ئىشقىدىكى تەشنالىقىمنى ياڭراق مەدھىيەلەر ئارقىلىق قاندۇراي :

لاپ ئەمەسكەن يوپۇرغا گۈل دىيارىڭنى دېسە شاڭخەي ،
گويا كۆزنى قاماشتۇرغان جامالىڭنى دېسە شاڭخەي .
يۈرەكلەر ياشنىغاي ئاشىق ۋىسال قۇچقان كەبى ئوييناپ ،
باھاردەك پارلىغان ئىللىق قۇچىقىڭنى دېسە شاڭخەي .
تۇرار سودا ـ سېتىق قايناپ ، قۇچار بەرىكەت سېنى دائىم ،
گۈزەل رەستە ، كوچا رەت ـ رەت ، بازارىڭنى دېسە شاڭخەي .

مانا بۇ پاساھەتلىك مەدھىيە بېيىتلىرى ھەر دائىم قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ ، كۆڭۈل ئارامىمغا بەدىئىي زوق ، گۈزەل يۇرت پۇرىقى بىلەن ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ . دېمىسىمۇ يۇرتۇم «كىچىك شاڭخەي» دېگەن نەقىلگە مۇناسىپ .

ئېھ ، ئانا يۇرتۇم . سەن ئۆزگىچە ھۈنەر ـ سەنئەت ، قايناق سودا ـ سېتىق تىجارىتى بىلەن گۈللەنگەن ئەزىز ماكان ، مەن ئامراق مۇنۇ ناخشا بۇنىڭ پاكىتى :

قىزىل رەختە جۇلالىسا رەستىلەر ،
ئۇزۇلمەيدۇ قاراپ ـ قاراپ كۆزىڭىز ،
راھەتلىنەر ۋۇجۇدىڭىز سۇلتاندەك ،
تەييار كىيىم ، ئاياغلارنى كىيسىڭىز .

سەيلە ئۆرۈك ، ئانار ، ئۈزۈم ، خۇۋەينى ،
سۇ يىغىلار ئېغىزلارغا شۇ ھامان ،

قوغۇنلاردىن يەپ كۆرسىڭىز بىر تىلىم ،
كېتەلمەيسىز ئەگىپ قېلىپ بىر زامان .

چايخانىدا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ،
ئىچىۋېلىڭ بىر پىيالە قايماقلىق چاي ،
«كەپتەر» ئاتلىق شەمشەر بىز دەپ ئاتاقنى ،
ئېلىۋېلىڭ ھەمراھلىققا ئۇنتۇماي .

بورداق ، سېمىز قوي ، كالىلار ، تۇلپارلار ،
ئېلىم - سېتىم بولار كۈندە نەچچە مىڭ .
بازار دېگەن بىزنىڭكىدەك قىزىماس ،
قاراپ باقسام ھېچ يەردە جاھاننىڭ .

ھەريانلاردىن تىجارەتچى ، سودىگەر ،
سەيياھ دوستلار يۇرتىمىزغا كېپ كېتىڭ ،
ئۇشبۇ ئۇيغۇر بازىرىنىڭ نامىنى ،
يىراقلاردىن - يىراقلارغا ئېپ كېتىڭ .

ئېھ ، ئانا يۇرتۇم . سەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلە ، گۈللەپ روناق تاپ ، ئىسمى - جىسمىڭغا مۇناسىپ ھالدا ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپ نامراتلىق قىياپىتىڭنى ياپ . تارىخ بېتىدە ئۆچمەس سەھىپىلەرنى نەقىش قىلىپ چەك ! مەنمۇ سېنىڭ ئەجىر - تۆھپەڭگە ئەمەلىي ھەركىتىم بىلەن بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىپ ، غۇرۇر تۇيغۇسىدىن ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن . يۇرتۇم ، كەلگۈسۈڭ مەڭگۈ پارلاق بولغۇسى !

# ۋەتەن سۆيگۈسى

ۋەتەن ئۇ مېنىڭ ئانام، باغرىم، پەخرىم. ئەڭ سۆيۈملۈك نىجاتكارىم. مەن ھاياتلىق مۇساپەمدە ۋەتەنسىز ياشىيالمايمەن، ئۇ ئۆستۈرگەن ھەربىر دەقىقە مىنۇتلارسىز شاد ناخشا باشلىيالمايمەن.

شۇنداق، ۋەتەننى سۆيۈش ھەربىر جۇڭگو پۇقراسىنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ سەممىي سۆيگۈ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتنىڭ جاراڭلىق كۈي مېلودىيەسى.

مەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق روھىي تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان قىپقىزىل بايراققا شۇقەدەر ئامراق. چۈنكى، مېنىڭ ياشلىقىم قىزىل بايراق ئاستىدا گۈللەپ ياشنىغان.



# تەپەككۇر تەرمەچلىرى

## 1

دوستلۇق ماددىي جەمئىيەتنىڭ تېنى ۋە قېنى، ئەخلاق - پەزىلەت بولسا دوستلۇقنىڭ جېنى، شۇڭا ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلەش ۋە قوغداش كېرەك.

## 2

ئۆز سەۋەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭ، ئۆزۈڭگە ئىشەنگەنلىكىڭنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنداقتىمۇ سەمىمىي تەنقىدنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىل. چۈنكى، سەمىمىي تەنقىد قەلب بېغىڭغا تەقدىم قىلىنغان بىر دەستە خۇش پۇراق قىزىلگۈلدۇر.

## 3

گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ھۈنەر، يۇقىرى كەسپىي ئىقتىدار ئۇلۇغلۇق بىناسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىلدۇر.

## 4

يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن بىھۇدە چېچىلىپ ئاچچىقلانما، سەۋرچان بول، ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ ياخشى ئويلان. شۇنداق قىلساڭ، مەسىلىنى ئەقىل بىلەن ھەل قىلالايسەن.

5

ھايات ئىنسان كامالىتىنى نۇرلاندۇرغۇچى ئېنېرگىيە. ھايات ۋاقىت قەدرىگە يەتكۈچىلەرگە بەخت بولىقى.

6

كەمتەرلىك، سەمىمىيلىك ۋە ساداقەتمەنلىك دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئالىيجانابلىق جۇملىسىدىندۇر. ئۇلار كىشىلىك تۇرمۇشتا ياشاشقا نىسبەتەن چىن مەنە، تۇرمۇشقا خۇشاللىق، بەخت - سائادەت، روھىيەت ئالىمىگە ساغلاملىق، ئىنسانغا ئىناۋەت ئاتا قىلىدىغان ئېتىقاد قورغىنى.

7

ياشاش ئىرادەڭنى مۇستەھكەملە ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ كۆز قارىشىڭنى يېڭىلا. چۈنكى، تونۇگۈن كۆرگىنىڭ ئاللىقاچان كونىراپ ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

8

باشقىلارنى سۆيۈملۈك دەپ بىلەلىسەڭ، سەنمۇ باشقىلارغا قەدىرلىك تۇيۇلىسەن. چۈنكى، باشقىلارنى سۆيۈش ئەڭ گۈزەل ئىنسانىي خىسلەت.

# قەشقەر مۇھەببىتى

سىز قەشقەرگە كېلىپ باققانمۇ؟ قەشقەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى، مەنزىرىلىك سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرىدا سەيلە قىلىپ باققانمۇ؟ ئۇنىڭ قوينىدىكى قەدىمكى ئىز - خارابىلەرنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئۇنىڭ تارىخى، ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق بولۇپ باققانمۇ؟ شۇ تاپتا مەن قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر، شۇنداقلا تولىمۇ شېرىن ھېسلار قاينىمىغا غەرق بولماقتىمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن سىزنى ئاشۇ گۈزەل سەيلىگاھلارغا، قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىغا باشلاپ باراي.

كونىلار «ھەممە نەرسىنىڭ كۆزى بار» دەيدۇ، قەشقەر شىنجاڭنىڭ چاقنىغان ۋە جۇلالاپ تۇرغان كۆزىگە ئوخشايدۇ. نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۇ ئۆزىدىكى جۇغراپىيەلىك ئارتۇقچىلىق ۋە ئۆزگىچىلىك بىلەن مەيلى شەرق، مەيلى غەرب ئۈچۈن بولسۇن، سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تۈگۈنى بولدى. بۇ «كۆز»گە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى چۈشۈپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن يىپەك يولىدىكى بۇ تۈگۈن مەرۋايىتتەك چاقناپ، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان گۆھەر ماكان بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى ساقلاپ كەلدى. بۇنداق ئاتىشىمىزدا ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقى، ئەۋزەللىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جايلىشىش جەھەتتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەنلا داڭ چىقىرىپ قالماستىن، تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، قەدىمىي مەدەنىيەت، ئاسارەتىقە ئىزنالىرىنىڭ موللۇقى بىلەنمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەبىئىي مەنزىرىسىنى كۆپ

تەرەپلىمە مەزمۇندارلىقتا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ: دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ نام ئالغان پامىر ئېگىزلىكى ئۆز بەستىدىكى قار-مۇزلار بىلەن يىلاندەك سوزۇلۇپ ئاقىدىغان گەز، تىزناپ ۋە يەكەن دەريالىرىنى تويۇندۇرۇپ، قەشقەر بوستانلىقىنى ياشنىتىپ، يېشىل مەخمەل بىلەن يېپىندۇرىدۇ.

ئەمدى بىز بىرلىكتە قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى ئۆستەڭبويى، نوربېشى، خام بازىرى، ئۆرۈك بازىرىنى ۋە ئاۋات رەستە - كوچىلارنى ئايلىنىپ كۆرەيلى. ئەنە قاراڭ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان سىپتا ياسالغان مىللىي چالغۇ ئەسۋابلارغا؛ مىسكەر، تۇنىكىساز، ياغاچ ئويمىگەر، زەرگەر ئۇستىلارنىڭ چېۋەر قوللىرىغا؛ ئەنە قاراڭ، ئىشتىها ۋە كۆڭۈل زوقىنى تارتىدىغان مەززىلىك يېمەك - ئىچمەكلەرگە، سەرخىل ھۆل-قۇرۇق يەل - يېمىشلەرگە··· ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك باش كىيىملىرى سىزدە ھەۋەس، قىزىقىش قوزغىماي قالمايدۇ. قەشقەرنىڭ بۇ خىل مىللىي قول ھۈنەر سەنئىتى ناھايىتى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان. ھازىر ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ تۈرى كۆپ، ياسىلىشى كۆركەم، نەپىس بولۇپ، خاتىرە بۇيۇمى، ئاسارئەتىقە قىلىپ ساقلاشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ. بۇ خىل بۇيۇملار سۇپىتى، چىدامچانلىقى ۋە قويۇق مىللىي تۈسى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەشقەرنىڭ يەرلىك مېۋە - چېۋىلىرىمۇ بىر - بىرىدىن شېرىن، تاتلىق، داڭلىق، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەرنى تاپقىلى، خالىغان چاغدا ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

ئەمدى بىز قەشقەرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئاسارئەتىقىلىرىگە قاراپ باقايلى: ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى - «ھېيتگاھ جامەسى»، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، كۆلىمى جەھەتتە جۇڭگودا ئەڭ چوڭ دەپ نام ئالغان، ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى جەۋھەرلىرى مەركەزلەشكەن ئاپاق خوجا

مازىرى ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ، دۆلەتباغ يولىدىكى «ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسى» ، ئازادە خەلق مەيدانىغا جايلاشقان ، شىنجاڭدا بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەيكىلى ، 130 مودىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە ئوتتۇرا-غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى...... مانا بۇلار ئۆزىدىكى قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكى ، مىللىي پۇراق بىلەن سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ . ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ قەدىمىي يۇرتتا 1980 - يىللىرى دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ساياھەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، ساياھەتچىلىكنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىلدى . 1984 - يىلى ئەزىزانە قەشقەر شەھىرى دۆلەت تەرىپىدىن « B دەرىجىلىك » ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ بېكىتىلگەن . شۇنىڭ بىلەن «جۇڭگون»گە ئوخشاش چوڭ ساياھەت گۇرۇھلىرى ماكانلىشىپ ، ساياھەت ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇشقا ئاساس سالدى .

دوستۇم ، ئەمدى مەن سىزنى ئالەمنى تاڭ قالدۇرغان بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانا تۇپرىقىغا باشلاپ باراي . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى كونىشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتىدىكى موللام تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان . ئۇ يېزىپ قالدۇرغان بۈيۈك قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان بىر گۆھەر . يېقىندا ئالىم تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىق خاتىرىسى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈ-رۈلدى ؛ بۇنىڭدىن باشقا بېھىش ئەندازىنى ئالغان بەشكېرەم باغلىرى ، مورا «بۇددا مۇنارى» قاتارلىقلارمۇ ئاجايىپ سەلتەنەت بىلەن ئۆتكەن زاماننىڭ يادنامىلىرىنى ، بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ پاراغىتىنى ئېسىڭىزگە سالىدۇ .

دوستۇم ، قاراڭ ، ئاۋۇ ئېگىزلىككە ، ئۇ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتىلىدىغان ھەيۋەتلىك پامىر چوققىسى . ئۇنىڭ باغرىدا قىش-ياز ئېرىمەي تۇرىدىغان قار - مۇزلار ، توختىماي ئېقىپ

تۇرىدىغان گەز ، تىزناپ ، يەكەن دەرياسى بار ؛ «مۇزتاغ ئاتا» ، «تاش قەلئە» ، «قونجىراپ ئېغىزى» ، گەز ، كۆكيار ، بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى ، ئېگىزلىكتىكى ھاۋاسى شالاڭ «سۇۋاش داۋان» بار . كىشىنى ئىپتىخارغا چۆمدۈرىدىغان گۈزەل تاشقورغانمۇ ئۇنىڭدىن ئورۇن ئالغان .

دوستۇم ، دوستلۇق سىمفونىيەسى ياڭراتقان جاي ـ يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە قىزىقامسىز ؟ مەن سىزنى ئۇ يەرگە باشلاپ باراي . ئۇ ئارمىيە ـ خەلقنىڭ چوڭقۇر دوستلۇق ـ ئىناقلىقى بەرپا قىلىنغان سۆيۈملۈك جاي . ئۇنىڭ قۇچىقىدا رابىيە ۋە سەئىدىنگە ئوخشاش ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق ، ۋاپادار ، ئىرادىلىك ، نامى تىللاردا داستان بولغان پەخىرلىك يىگىت ـ قىزلار يارالغان . ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئىش بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى بۈگۈنگە ئۈلگە ؛ شۇڭا ، ئۇ يەردە بۈگۈنكىدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاق ، ئىناقلىقى يارالدى ، ئۇلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ، ئۆزئارا كۆيۈنۈش داستانلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى .

قېنى ، مەرھەمەت ، مەن سىزنى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان يوپۇرغا ناھىيەسىگە باشلاپ باراي . بۇ ناھىيەدىكى «داۋاكۆل قۇملۇق سەيلە ـ ساياھەت مەنزىرە رايونى» ، قۇم بارىخانلىرى ئارىسىدىكى يېگانە ۋە سىرلىق جاي «تېرىم قانىلى» ، «ياغاچ ئايۋان قەدىمكى شەھەر خارابىسى» ، 500 يىللىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان «سۆگەت پادىشاھى» ، 1500 يىللىق تارىخى بار «توغراق پادىشاھى» سىزگە نۇرغۇن يېڭى تەتقىقات تېمىسى ۋە ئېچىش ، پايدىلىنىش پۇرسەتلىرىنى يارىتىپ بېرىدۇ .

دوستۇم ، تىلىڭىزنى يارغۇدەك شېرىن ـ شەربەتلىك قوغۇنلارنى يېگىنىڭىزدە ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭقى كەتكەن «جۇڭگو ئەلا سورتلۇق قوغۇن ماكانى» دېگەن نام ئېسىڭىزگە كېلىدۇ . ئەقىل ـ پاراسەتلىك پەيزاۋات خەلقى ئانا تۇپرىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ، ئەمگەكچان ، قەيسەر ئىرادىسىنى

نامايان قىلىپ، تۇرلۇك تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاشۇنداق ئېسىل قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىشلىك بوستانلىقنى ياراتتى. سىز ئاشۇ نەرسىلەرنى نەزەرگە ئالغاندا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن يېگى دەۋر قەھرىمانى غېنى جۇمەگە ئوخشاش نەمۇنىچىلارنىمۇ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرىسىز. ئۇنىڭدىكى روھ ئىپتىخارلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

دوستۇم، ئەمدى مەن سىزنى باشلاپ بارىدىغان جاي - «دولان مۇقامى»نىڭ بۆشۈكى، ئەلا نەسىللىك «مەكىت قويى» نى يېتىشتۈرۈش بازىسى - مەكىت ناھىيەسى. بۇ جاي مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانغان «مۇقام»، «كۈلكە»، «مەشرەپ»، «ئۇسسۇل - ساما»لارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، ئۇنى ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەدەپ - ئەخلاقنى قەدىرلەپ، قەدىمىيلىك بىلەن هازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى تولىمۇ ماهىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. دولان مۇقامى، دېھقان رەسساملىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالقىشلاندى.

دوستۇم مەن سىزنى ئون ئىككى مۇقام بۆشۈكى يەكەنگە باشلاپ باراي، ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، يەكەن ناھىيەسىنىڭ قەدىمىي شەھەر دېگەن نامى بار، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئاشۇ يەردە ۋايىغا يەتكەن، ئۇ يەردە ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئىزنالىرى بار، ئۇ سىزدە يېڭىچە تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ. سەئىدىيە خانلىقى پادىشاھلىقىنىڭ «ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقى»، تارىخىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنىڭ گەۋدىلىك نامايەندىلىرى، بۇ يەردىكى قايناق ناخشا - ئۇسسۇل، مۇقام، مەشرەپلەرگە كائىنات ھەيران. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ گۈل تاجىمۇ مۇشۇ تۇپراقتا مەۋجۇت: قويۇق ئورمانزارلىق، رەڭدار گۈللەر، تۈمەن تۈننىلىق ئاشلىق ئېتىزلىرى، پىلە - ئۈجمىچىلىك، شايى - ئەتلەس، يىپەك توقۇمىچىلىقىمۇ بۇ دىيارنىڭ خاس زىننىتى.

دوستۇم، مانا بۇ مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمال

تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان «توققۇز ساراي قەدىمىي شەھەر خارابىسى» ، دىققىتىڭىزنى تارتىۋاتقىنى نەچچە يۈز مىڭ مو يەردىكى ئالتۇن باش «ئىپتىدائىي توغراق توپى» ، تەبىئىي يەر قالپىقى ، چىگە ، چۇچۇكبۇيا بايلىقى ، دۇنياغا مەشھۇر بولۇۋاتقان پاختىسى ئاق ئالتۇنغا ئوخشاش دېھقانلارغا ئالتۇن تۆكىدىغان دەرەخ بولۇۋاتىدۇ !

دوستۇم ، ئەمدى پوسكام ناھىيەسىگە نەزەرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ ، ئۇ يەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەشئىلى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ ، يېزا ئىگىلىك ، شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى تېپىك ئالاھىدىلىك كىشىگە مەپتۇنلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ . ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان نېفىت بازىسى ، زىيانسىز يېشىل كۆكتات يېتىشتۈرۈش بازىسى ، مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بوك - باراقسان «ئالتۇن توغراق» ساياھەت نۇقتىسى سىزنىڭ كۆڭۈل ئارامىڭىزغا ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ .

دوستۇم ، ياخاق ماكانىغا بېرىشنى خالامسىز ؟ ئۇنداقتا ، مەن بىلەن بىرلىكتە قاغىلىق ناھىيەسىگە بېرىڭ . ئۇ يەردە ياخاقنى ئاساس قىلغان باغۇەنچىلىك تەرەققىي قىلغان ، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئېگىزلىك «چوگۇر چوققىسى»دىن باشقا «قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى» ، «پولوڭ ساياھەت باغچىسى» ، زوڭلاڭ مازىرى ، كۆكيار نېفىتلىكى بار . مانا بۇلار بۇ دىيارنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشىدۇ .

دوستۇم ، مەن سىزنى يېڭىسارغا باشلاپ باراي . «ئۆرۈك ماكانى» ، «دارۋازلىق يۇرتى» ، «پىچاق يۇرتى» دەپ نام ئالغان بۇ گۆھەر زېمىندا ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارالغان . «ھالاكەت دېڭىزى»دەپ نام ئالغان تەكلىماكاننى ئۇ يۇرتتىن يېتىشىپ چىققان «قۇملۇق مەلىكىسى - گۈلزۆھرە» كېسىپ ئۆتتى ، بۇ يۇرتنىڭ دارۋازلىرى كۆپ قېتىم جىنس دۇنيا رېكورتى ياراتتى ئەمەسمۇ...

دېمەك ، دوستۇم ، قەشقەر ئەنە شۇنداق خىسلەتلەرگە باي ، سېھىر - ھېكمەتلەرگە تولغان ماكان . شۇڭا ، نۆۋەتتە يەنە بىر

قىسىم ئىزنالار يېڭىدىن تېپىلىۋاتىدۇ. بەزى ساياھەت نۇقتىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، تەرەققىياتى تېز، ئۈنۈمى ئالاھىدە بولۇۋاتىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ پارلاق نۇرى قەشقەرگە تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى ئاتا قىلماقتا. قەشقەرنىڭ سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتمەكتە. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرى، قەدىمىي ئىزنا - خارابىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، تەتقىقات جەھەتلەردىكى قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق كىرىمنى كۆپەيتىش، كىرىم ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش مەنزىرىسى شەكىللەنمەكتە. «جۇڭگو قەشقەر - جەنۇبىي - ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يەرمەنكىسى»نىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئالەمشۇمۇل «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە ئۇيغۇر ئەلنەغمە، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ئەنە شۇ تارىخىي دەملەرگە تېخىمۇ جۇشقۇن كەيپىيات ئاتا قىلماقتا. شۇنداق، بۈگۈنكى كۈندە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» يۇرت بىلەن يۇرت، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى داۋاملىق قىسقارتماقتا. دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولۇپ، كۆڭۈللەرگە خۇشاللىق، جەمئىيەتكە ئىناقلىق ئاتا قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ مەركەزلىك ئورنىنى بەرپا قىلىشتىكى ياخشى باشلىنىش.

سىز قەشقەردە زىيارەت ۋە ساياھەتتە بولغاندا، قەشقەردىكى يېڭىلىقلار، ئۆزگىچىلىكلەردىن دوست - بۇرادەرلىرىڭىزنى خەۋەرلەندۈرۈشنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ. ھازىر قەشقەردە ساياھەتكە خاس يېمەك - ئىچمەك، قاتناش، خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى؛ ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلار، ئەۋزەل شارائىتلارنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر كۈچلۈك

قانات يايدۇرۇلدى ، قەشقەرنى جەنۇبىي - ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت دانا قارار بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى . قەشقەردىن ئىبارەت گۈزەل دىيارنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى ، جۇغراپىيەلىك ئورنى قاتارلىقلارنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، يەتتە ئىقلىمدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ، سەيلە - ساياھەتچىلەرنى كەڭ جەلپ قىلىش جەھەتتە يېڭى مەنزىرىلەر ئارقا - ئارقىدىن نامايان بولۇشقا باشلىدى . سىز قەشقەردە زىيارەتتە بولۇش داۋامىدا يەنە قابىل ساياھەت يېتەكچىسى قوشۇنىنىڭ مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالايسىز . قەشقەردە ساياھەتچىلىك ۋە ساياھەت ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى نامايان قىلماقتا ؛ شۇنىڭغا يانداشقان ھالدا ساياھەت نۇقتىلىرىدا تەييارلانغان مەخسۇس مەزمۇندىكى چۈشەندۈرۈش ، تەشۋىق قىلىش ماتېرىياللىرى ۋە چۈشەندۈرۈش تاختىلىرى ھەممە ئۇنىڭدىكى قايىل قىلارلىق مەزمۇنلار سىزنى قەشقەر ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە ، قەشقەر بوستانلىقىنىڭ گۈزەل ئەتىسىگە باشلاپ كىرىدۇ . ساياھەت - سودا كەسپى ، داڭلىق ، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش جەھەتلەردىكى ئالاھىدە ئىزدىنىشلەر سىزنى قايىل قىلماي قالمايدۇ . قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ، تارىخى ، تۇرمۇش ، ئۆرپ - ئادەتلىرى ، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ ، ماركا ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ ، بازار ئېھتىياجىنى يۆنىلىش قىلىپ ، چوڭ ساياھەت ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقىدەك گۈزەل مەنزىرىلەر سىزنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ . شۇنداق ، قەشقەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۆھەر ماكان . ساياھەت ئۇنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگە پارلاق يول ئاچقۇچى نۇرلۇق چىراغ . ئۇ قەشقەر خەلقىگە پۈتمەس - تۈگىمەس زور بايلىق ئاتا قىلىدۇ !

# خاتىمە

ھايات ـ ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ ، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەت ئېقىمىدا بىردە قايىنام ياساپ ئۆركەشلىسە ، بىردە دولقۇن ياساپ كۈۋەجەيدۇ . ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىسىڭىز ، بىردە ھاياجانغا تولسىڭىز ، بىردە غەزەپتىن تىترەيسىز . مەن مانا مۇشۇ قايىنامدىن ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى سۈزۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن . بۇ ئارزۇ ماڭا قانات ۋە ئىلھام ئاتا قىلىدۇ ، ئۇ قەلەمنى بەيگە تۇلپارى قىلىشقا ، ھايات ، كىشىلىك تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىدىن جاۋاھىراتلارنى سۈزۈشمگە تۈرتكە بولىدۇ . ئەنە شۇنداق ھاسىلاتلىرىمغا گۇۋاھ بولغان بۇ كىتابىمدا كىشىلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرى ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، ئائىلە ـ نىكاھ ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىكى نازۇك تۈيغۇلارنى جەم قىلدىم ، ئاچ كۆزلۈك ، ناچار قىلمىش ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قامچىلىدىم ؛ گۈزەللىككە ، مەدەنىيلىككە ، ياخشىلىققا مەدھىيە ئوقۇدۇم ؛ ئۆزىنى ، ئىلىمنى ، كەسپىنى سۆيۈش ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەش ، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ، باشقىلارغا بەخت يارىتىش ، ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن بارلىق ھېسسىياتى بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئەبەدىيلىك بەخت دېدىم . بۇ ھەقتىكى تىلەكلىرىم ئوقۇرمەنگە ھەمكار بولالىسا ، روھىمدا تېنىپ قېلىۋاتقان ئارمانلىرىم پەر قاققان بولاتتى !

مەن ئۇشبۇ كىتابىمنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم ئېتىشكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ لىدىرى ئىبراھىم سەمەنگە ، تەشكىللىگۈچى «قەشقەر گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ئابلەت جۇمە تۇپراققا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن .

— ئاپتوردىن

مەسئۇل مۇھەررىرى :  گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى :  قەمبەرگۈل ئوسمان

# يۈرەك نېمە دەيدۇ

(نەسرلەر)

ئاپتورى :  ئوبۇلھاشىم ئەخەت ئېقىن

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230مم، 1/32 باسما تاۋىقى : 5
2011 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 3000 — 1

---

ISBN978－7 — 5373 — 2294 — 2

باھاسى : 15.00 يۈەن

ژانىرلاردا كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەر، ماقالە، ئوچېرىكلارنى يازدى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 70 پارچىدىن ئارتۇق نەسرى، 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى، 3000 پارچىدىن كۆپرەك خەۋىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بىر تۈركۈم ئىجادىي مېۋىلىرى «جوڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ۋە «قەشقەر گېزىتى» تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. ئۆزى كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر»، «مۇنەۋۋەر ئاخبارات خادىمى»، «ئىخلاسمەن ئوقۇرمەن»، «مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىم» قاتارلىق ناملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئېقىن كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋە «ئەقىل ئۈنچىلىرىدىن دۇردانە»، «شىپائىي دورا-دەرمەكلەر» ناملىق كىتابلىرىنى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى. «يۈرەك نېمە دەيدۇ؟» ناملىق بۇ نەسرلەر توپلىمى ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىجادىي مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

ISBN 978-7-5373-2294-2

9 787537 322942 >

باھاسى: 15.00 يۈەن